ERITAGA UIGHUR FOLK LETERATURE



# مىراس

6

1999

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزۈم پىشتى　　　　　　يەن شەن فوتوسى



كۆچۈم مەھەللە　　　　　　يەن شەن فوتوسى

باش مۇھەررىر :
ياسىن زىلال
جاۋابكار مۇھەررىر :
ۋاھىتجان ئوسمان

مىراس
قوش ئايلىق ژۇرنال
1999 - يىل 6 - سان
(ئومۇمىي 56 - سان)

# بۇ ساندا

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

نۇشىرۋانى ئادىل ........................................ تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان (1 )
دەردى ئەسرار ............................................... : توپلىغۇچى تۇرسۇن بەكرى (76 )

## ئايدىڭ كېچىلەر

ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت .............................. توپلىغۇچى : مەتتۇردى مىرزىئەخمەت (20 )
سۆيسەم يۈرەك قانارمۇ ؟ ................................. توپلىغۇچى : مەتقۇربان ئىسمايىل (48 )

## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

شەجەرەئى تۈرك ............... ئەبۇلغازى باھادىرخان تەييارلىغۇچى : مۇختار مۇھەممەت (29 )

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

«زەپەرنامە» دىكى ئوغۇزخانغا دائىر تەپسىلاتلار ............ تەييارلىغۇچى : ئەزىزى (49 )

## ھېكمەتلەر

ھېكمەتلەر ............................................................. يىكدا دايساكو (26 )
ھېكمەتلەر ................................................... توپلىغۇچى : نۇرنىسا باقى (55 )
ھېكمەتلەر ............................................ توپلىغۇچى : مەھەممەت مۇرتىزا (69 )

## ئاتىلار سۆزى

ماقال - تەمسىللەر ........................................ توپلىغۇچى : مەھەممەتجان مۇرتىزا (68 )

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

خاسىيەتلىك سان توققۇز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ........................ غەيرەتجان ئوسمان (57 )

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش ئادەتلىرى توغرىسىدا ......................... ئايگۈل ئابلا (71 )

مۇقاۋىدا : ئۇيغۇر قىزى ئابلىز ئابدۇللا فوتۇسى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى : ئابلىمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر)، ئەخەت ھاشىم (ئالىي مۇھەررىر)
ئەسئەت سۇلايمان (دوكتور) ، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى) ،
ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر) ، ياسىن زىلال (كانددات ئالىي مۇھەررىر) .

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
uyghurqatakitap.com

美　拉　斯
每双月一日出版发行
一九九九年第6期
（双月刊）
（总56期）

主编：
雅森·孜拉力
本期责任编辑：
瓦依提江·吾斯曼

## 主要目录

努西丽瓦尼阿迪力 …………………………………… 整理者：买买提·乌斯曼(1)
突厥部落史 ……………………………………………………… 阿布勒哈孜(29)
……………………………………………………… 翻译整理者：穆合塔尔·穆罕默德
歌谣几首 ……………………… 采录整理者：买买提吐尔迪·米尔扎阿合买提(20)
警句箴言 ……………………………………………………………… 池田大作(26)
《凯旋书》中有关乌古斯汗的记载 ……………………………………… 艾则孜(49)
神秘数字“9”与维吾尔文化 ……………………………… 海热提江·乌斯曼(57)
谚语几则 ……………………………………… 采录整理者：买买提江·莫尔提扎(68)
维吾尔族的祈福达愿习俗 ……………………………… 阿依古丽·阿布拉(71)
民间故事 …………………………………………… 采录整理者：吐尔逊·拜克力(76)

阿布都克力木·热合曼(教授)　阿布里米提·沙迪克(编审)
艾海提·阿西木(编审)　艾赛提·苏来曼(博士)
伊敏·吐尔逊(编审)　伊布拉音·穆提义(研究员)
雅森·孜拉力(副编审)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژورنال

# نۇشىرۋانى ئادىل

(قىسسە)

## لەندىھۇرنىڭ پەيدا بولۇشى

ھىندىستاندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئىسمى بەقرات ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى سەئىدىن شاھ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى شەھاد شاھ ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەقرات شاھ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا سەئىدىن شاھ تەختكە ئولتۇردى. ھۆكۈمالار ئۇنىڭ بەختىگە قورئى سېلىپ كۆردىكى: بىر ئوغۇل ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن. ئەمما كېيىن شەھاد شاھ تەختنى ئېلىپ پادىشاھ بولۇپ جاھانگىر بولىدىكەن. سەئىدىن شاھنىڭ ئوغلى شەھاد شاھنى تەختىن قوغلايدىكەن.

ھۆكۈمالار بۇ خەۋەرنى سەئىدىن شاھقا مەلۇم قىلدى. سەئىدىن شاھ:

— ئەگەر بەختى، تەلىيىمىز شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە: بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپ، بىر كۈنى سەئىدىن شاھ شىكارغا چىقىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇ ياققا مېڭىپ، بۇ ياققا مېڭىپ ئاخىرى چۆلدىن چىقىپ ناھايىتى ياسىداق بىرقەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئىچىدە بىر قىز چاچ تاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىلمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى.

سەئىدىن شاھ قىزنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندى، قىز سالام قىلدى. سەئىدىن شاھ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، قىزدىن سۇ تەلەپ قىلدى. قىز شۇئان سۇ ئېلىپ چىقتى. سەئىدىن شاھ سۇنى ئېلىپ قارىسا سۇ لاي ئىدى. قىزدىن سورىدىكى:

— ئېھ قىزچاق، مېنى تونۇمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن مۇشۇنداق لاي سۇ ئېلىپ چىقتىڭىزمۇ؟

— پەملىشىمچە سىز شاھ سۈپەت كۆرۈنىسىز. يىراق يەردىن كەلگەن ئوخشايسىز. سۇزۇك سۇ بەرسەم دەرھال ئىچىسىز - دە، زىيان قىلىدۇ. بۇ سۇنى سۇزۇلگەندە ئىچكەيسىز، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

بۇ سۆز پادىشاھقا ياقتى - دە، قىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تەھسىنلەر ئېيتتى، ئاندىن سۇنى سۇزۇلدۇرۇپ ئىچىپ بولۇپ، قىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆز شەھىرىگە كەتتى. ئەتىسى ئوردا ئەھلىنى يىغىپ:

— ئېھ ئەمىرلەر، مەن بىر قىز كۆردۈمكى، ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىزدۇر، ئەقىل - پاراسەتتە مىسلىسىزدۇر. مەن ئۇنى كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم. ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ بەرگەيسىزلەر! — دېدى.

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

ئەلقىسسە: ياخشى چارىلەر بىلەن ئۇ قىزنى پادىشاھقا ئېلىپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي قىز پادىشاھدىن ھامىلدار بولدى. قىزنىڭ ئېتى مېھرانە ئىدى، پادىشاھ قازايى – قەدەر يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. مېھرانە پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئېتىنى لەندىھۇر قويدى. سەئىدى شاھ ئۆلگەندە ئورنىغا شەھاد شاھ تەختكە ئولتۇرغاندى. ئۇنىڭمۇ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، مېھرانە بىلەن ئوخشاش كۈندە تۇغدى ۋە بالىنىڭ ئېتىنى جەھاد قويدى، بۇ ئىككى بالىنى تەڭ تەربىيىلىدى. بالىلار بەش ياشقا كىردى. جەھادنىڭ ئايىغى چىقتى، لەندىھۇرنىڭ بولسا ئايىغى چىقمىدى، يېتىپ يەپ، ئورنىغا چىقىرىپ جاپا سالدى. ئىنىكئانىسىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ لەندىھۇرغا بىر كاچات ئۇردى. لەندىھۇر قول ئۇزارتىپ ئۇنىڭ پاچىقىدىن تارتىپ بىر ئىتتىرىۋىدى، تامغا بېشى تېگىپ ئۆلدى. خادىملار بۇنى كۆرۈپ قېچىپ بېرىپ شەھادشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ شەھاد يارلىق قىلدىكى:

— لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىپ پىل ئېغىلىغا تاشلاڭلار، پىللەر دەسسەپ ئۆلتۈرسۇن!

لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىپ پىلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. پىل لەندىھۇرنى خارتۇمىغا يۆگەپ ئۈستۈن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇپ قانچە زور قىلدى. لەندىھۇر پىلنىڭ خارتۇمىنى يۇلۇپ ئالدى. باشقا پىللار قاچتى. بۇ ۋەقەنى شەھاد شاھقا خەۋەر قىلدى. شەھاد شاھ:

— ئۇنداق بولسا، پىل مەھمۇدنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار! — دەپ يارلىق قىلدى. پىل مەھمۇد پىللارنىڭ ئەڭ ۋەھشىيسى ئىدى، سەئىدىن شاھ ھايات ۋاقتىدا ئاشۇ پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. لەندىھۇرنى ئالدىغا تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سەئىدىن شاھنىڭ پۇرىقى كەلدى، بېرىپ پۇراپ بېقىپ خارتۇمىغا يۆگەپ ئۈستىگە ئېلىپ، تامام پىللارنىڭ ئالدىغا سېلىپ پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلدى. شۇ ماڭغانچە نەچچە كۈن يۈرۈپ جاڭگالى مازاندارانغا يېتىپ باردى. تامام پىللار بۇ پىلنىڭ مەنزىل مەقامىغا كېلىپ ئىتائەتتە تۇردى. لەندىھۇر ھەركۈنى بەش – ئون پىلنى ئەمدى، ئون ئىككى ياشقا كىرگىچە پىل سۈتى ئېمىپ چوڭ بولدى. زېرىكسە پىل بىلەن تۇتۇشۇپ چېلىشىپ ئوينىدى. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرىداچوڭ پىللارنى كۆتۈرىدىغان، كىچىك پىللارنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئېتىپ تۇتۇۋالىدىغان بولدى.

جاڭگالى مازانداراندا غوللار قەبىلىسى ياشايتتى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى «مەرزۇق» دەپ ئاتىلاتتى، سەئىدىن شاھقا تەۋە ئىدى.

بىر كۈنى مەرزۇق بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، شەھاد شاھدىن ئەييار كېلىپ، قوينىدىن بىرپارچە نامەنى ئېلىپ مەرزۇققا تۇتتى، نامە مۇنداق يېزىلىپتۇ:

«سىلەر بىزگە تەۋە ئىدىڭلار. سەئىدى شاھدىن كېيىن ئەسلا كەلمىدىڭلار، بىز ھەم سىلەرنى يوقلىيالمىدۇق. بىزنىڭ پىل مەھمۇد تۆت يۈز پىل بىلەن بىر بالىنى جاڭگالى مازانداران تەرىپىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنى بىزگە تېزراق تېپىپ ئەۋەتسەڭلار، ناھايىتى زور دوستلۇق قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىسىلەر.»

غوللارنىڭ پەھلىۋانى تەرەپ – تەرەپكە زەبەردەست غوللاردىن ئەۋەتتى. كەلگەن ئەييارغا:

— قاچان خەۋىرىنى ئالالىساق تۇتۇپ ئاپىرىمىز، – دەپ يولغا سالدى.

غوللار كۆردىكى، بىر جاڭگالدا، بىر ئوغۇل بالا پىللار بىلەن چېلىشىپ، پىللارنى ھاۋاغا ئېتىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر غوللارنىڭ باشلىقىغا يەتتى. شۇ

هامان ئۇ ئوتتۇز مىڭ غول بىلەن كېلىپ ،
پىللارنىڭ چۆرىسىنى يەتتە قەۋەت قورشى-
ۋالدى . پىل مەھمۇد دەرھال لەندىھۇرنى
ئۇستىگە ئېلىپ يوغان بىر تۇپ چىنارنى
يۇلۇپ بەردى . لەندىھۇر جەڭ قىلىشنى
بىلمەيتتى . دۇشمەن ئۇمۇد ئۇرسا چىنارنى
دالدا قىلدى . گېزى كەلگەندە چىنار بىلەن
ئۇردى . شۇنداق قىلىپ غوللارنىڭ پەھلى-
ۋانلىرى تەڭ كېلەلمىدى . ئاخىرى غوللار-
نىڭ باشلىقى مەرزۇق مەيدانغا چۈشتى .
نەچچە كۈن ئېلىشىپ لەندىھۇرنى يىلدىن
يىقىتتى . نەچچە كۈن چېلىشتى ، ئاندىن
كېيىن لەندىھۇرغا ھىيلە ئىشلىتىپ باغلى-
ۋالدى . لەندىھۇردىن سۆز سورىغانىدى ،
لەندىھۇر چۈشەنمىدى . كىيىملىرىنى يالى-
ڭاچلىدى ، قارىسا بەدىنىگە سەئىدىن شاھ-
نىڭ مۆھرى بېسىلغانىكەن . بۇنى كۆرۈپ
قىلغانلىرىغا خىجىل بولۇشتى . ئىزەت -
ھۆرمەت بىلەن ئەتىۋارلاپ شەھاد شاھنىڭ
ھۇزۇرىغا ئاپارماقچى بولدى .

لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىق خە-
ۋىرى شەھاد شاھقا يەتتى . پۈتۈن ئەمىر -
ئەمىرالارنى يىغىپ ، مەرزۇقنى كۈتۈپ ئال-
ماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، شەھاد شاھنىڭ
ئوغلى جەھاد كېلىپ :

— ئاڭلىسام لەندىھۇر كۈچلۈك پەھ-
لىۋانمىش ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چوڭ
بولدۇم ، رۇخسەت بولسا ئالدىغا بېرىپ ئې-
لىشىپ باقسام دەيمەن ، — دېدى . شەھاد
ئوغلىنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ ، ئون
لەشكەر قوشۇپ بەردى . جاھاد شەھەردىن
چىقىپ لەندىھۇر كېلىدىغان يولنى توسۇپ
تۇردى .

بىر كەمدە لەندىھۇر پىللىرىنى ئەگەش-
تۈرۈپ يېتىپ كەلدى . جەھاد لەندىھۇرنى
كۆرۈپ ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كۆپ
پۇشايمانلار قىلدى . پەرمان ئېلىپ كەل-
گەچكە ئارقىغا يانالمىدى -دە ، ئۇمۇدنى
كۆتۈرۈپ لەندىھۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى .
لەندىھۇر ھەم جەھادقا قاراپ يۈگۈردى .
شۇنداق قىلىپ ، جەھاد قاچتى . لەندىھۇر
مەرزۇقنىڭ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ
شەھەرنى ۋەيران قىلدى . شەھادنى بارگاھ-
تىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ئاتىسىنىڭ تەختى-
نى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ ئالدى .

شەھاد شاھ شەھەرنى قولدىن بېرىپ
تۇرارجاي قالمىغاندىن كېيىن ، نۇشىرۋاد-
دىن باش پاناھلىق تىلەپ نامە يوللىدى .
نۇشىرۋان شەھاد شاھنىڭ نامەسىنى كۆ-
رۈپ ، لەندىھۇرنى خەتەرلىك دەپ بىلىپ ،
ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتماقچى بولدى .

## نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغىنى

ھىندىستان نۇشىرۋانغا باج - خىراج
تۆلەيدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى .
نۇشىرۋان شەھادنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ ،
ھىندىستانغا لەشكەر ئەۋەتمەكچى بولدى .
ھەممە پادىشاھ ، ئەمىر- ئەمىرالارنى يىغىپ :

— كىم بېرىپ لەندىھۇرنىڭ بېشىنى-
ئېلىپ ، شەھەرنى تىنجىتىپ كېلىدۇ ! —
دەپ سورىغانىدى . ئۇلار مەسلىھەت بې-
رىپ :

—لەندىھۇر بولسا جاھان پەھلىۋاند-
دۇر . ئۇنىڭغا ئەبۇلئەلىدىن باشقا پەھلى-
ۋان تەڭ كېلەلمەيدۇ ، — دېيىشتى . نۇ-
شىرۋان :

— ئەبۇلئەلى قېنى ؟ — دەپ سورى-
دى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇر دېدىكى :

— ئېھ پادىشاھ ئادىل ، ئۆزۈڭگە
مەلۇمكى ، ئەبۇلئەلى سېنىڭ قىزىڭغا ئا-
شىقتۇر ، سەن ئەبۇلئەلىگە ۋەدە قىلدىڭ ،
مېھرىنىگارنى دەپ ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى
قىلدى . ئەمما سەن ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمدە يېڭىلىكلەر ھەسەت قىلىپ پاتقۇز-
مىدى . مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك تۈپەيلى-
دىن ئەبۇلئەلى مەدايىندىن كېتىپ قالدى .
— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ —
دەپ سورىدى شاھ . خوجا جاۋاب بېرىپ :
— سەن يەنە مېھرىبانلارنى بىرىشكە
ۋەدە بەرسەڭ ، يېنىپ كېلىدۇ ، قالدى
گەپنى شۇچاغدا دېيىشكۈلۈك ، — دېدى .
نۇشىرۋان نامە يېزىپ ، نۇرغۇن ئىن-
ئاملار بىلەن خوجىنى ماڭدۇردى . گۇس-
تىھەم شۇئان نارازى بولۇپ :
— ئېھ پادىشاھى ئالەم ، سىز ئە-
بۇلئەلىنى ياندۇرۇپ كەلسىڭىز
مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن ! — دېدى .
نۇشىرۋان دېدىكى :
— «ئون ئىتتىن بىر بۆرە ئەلا» دې-
گەن گەپ بار . سىلەردەك يارىماس پەھلى-
ۋانلارنىڭ مىڭىدىن ئەبۇلئەلىدەك پەھلى-
ۋاننىڭ بىرسى ياخشى . ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا
كەتكىن ! — دەپ رۇخسەت بەردى . گۇس-
تىھەم بارگاھدىن چىقىپ سەرەندىپكە را-
ۋان بولدى .
خوجا نامەنى ئېلىپ بارغاندا ئەبۇلئەلى
مېھرىبانلارنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ ، مەجنۇن
كەبى مەست - بىھۇش ھالەتتە ئولتۇرغان-
دى . نامەنى ئېلىپ ئۇ ئوقۇپ شۇئان مەدا-
يىنغا راۋان بولدى .
نۇشىرۋان پادىشاھلار بىلەن ئولتۇر-
غانىدى ، ئەبۇلئەلى كەلدى ، دەپ خەۋەر
كەلدى .
ئەبۇلئەلىگە شاھانە سەرۇپايلار كىي-
دۈرۈپ ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ تەختكە
ئولتۇرغۇزدى . نۇشىرۋان :
— ئېھ ئەبۇلئەلى ، سېنى دەپ گۇس-
تىھەمنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدىم .
ئەمدى بىر پەھلىۋان ئازايدى ، — دېدى
ۋە شۇئان زىياپەت مەجلىسىنى ئېچىپ داڭ-
لىق ئۇسسۇلچى ۋە سازەندىلەرنى كەلتۈر-
دى . ئارقا - ئارقىدىن قەدەھلەر تۇتۇلۇپ ،
سازەندىلەرنىڭ خۇش ئاۋازى پەلەككە يەت-
تى . سورۇن ئەۋجىگە چىققاندا ، بەختەك شە-
ھادىنىڭ نامەسىنى ئېلىپ كېلىپ نۇشىرۋاننىڭ
ئالدىدا قويدى . پادىشاھ نامەنى ئېلىپ :
— ئېھ بەختەك ، بۇ مۇھىم ئىشقا
كىمنى قويساق بولار ؛ — دەپ سورىدى .
بەختەك جاۋاب بېرىپ :
— ئېھ پادىشاھىم ، ئىلگىرى گۇس-
تىھەم بارئىدى . مۇھىم ئىش بولسا شۇ
بارار ئىدى . ئەمدى ئۇ كېتىپ قالدى .
كىمنى بۇيرۇشنى بىلەلمىدىم ، — دېدى .
ئەبۇلئەلى دېدىكى :
— سىلەر بۇ ئىشتىن قايغۇرماڭلار .
گۇستىھەمنىڭ سەندىلىدە مەن ئولتۇرغان
ئىكەنمەن ، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىش-
لىرىنى مەن قىلىشىم كېرەك . گۇستىھەم
كەتكەن بولسا مەن بارىمەن . نۇشىرۋان :
— ئېھ ئوغلۇم ، ئەگەر سىز بېرىپ
لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسىڭىز ،
مېھرىبانلارنى بېرىپ ، سىزنى كۈيئوغۇل-
لۇققا قوبۇل قىلىمەن ! — دەپ ۋەدە بەر-
دى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم قوپۇپ
پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ
ۋەدىسى ئۈچۈن يەرگە باش قويدى . شادىيانە
چالدۇرۇپ پۈتۈن شەھەرنى خۇشاللىققا
چۆمدۈردى . خوجا ئەمرى بىلەن خوجا مە-
ئىدىنى قىچقىرىپ :
— ئىككىڭلار ھەممە شەھەرلەردىن
لەشكەر ئېلىڭلار ، ئالغان لەشكەرلەرگە
ئىككى يىل يەتكۈدەك ئوزۇق بىلەن قورال
- جابدۇق تەييارلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇ-
دى . بۇ ئىككى پەھلىۋان يۇرت - يۇرتلارغا
بېرىپ چېرىك ئالدى . خوجائەمرى بولاڭ-
چىلىق بىلەن جابدۇق يىغدىكى ، كۆزى
كۆرگەنلا نەرسىنى ئالماي قويمىدى ، شۇن-
داق قىلىپ بولار لەشكەر تارتىپ ھىندىس-
تانغا قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تۇر-

غاندا، ئەبۇلئەلى خوجا ئابۇزەرنى قىچقىرىپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. خوجا شۇئان پادىشاھ قېشىغا ماڭدى.

## نۇشىرۋاننىڭ مېھرىنىگار بىلەن ئەبۇلئەلىگە پۇرسەت بېرىپ شىكارغا كەتكىنى

نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرى ھىندىستانغا يۈرۈش قىلماق ئۈچۈن ئىككى يىللىق ئوزۇق ئېلىپ مېڭىشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندا، ئەبۇلئەلى بېرىپ خوجىنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. خوجا شۇئان پادىشاھ ئادىلنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— يەتتە ئىقلىم شاھى، مېنىڭ بىر ئەرزىم بار ئىدى. ئېيتاي دېسەم بېشىمدىن قورقىمەن، — دېدى. پادىشاھ دېدىكى:

— نېمە ئەرزىڭ بولسا ئېيتقىن، گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم.

— قۇدرەتلىك لەشكەرلىرىڭىز ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەبۇلئەلى ئىلتىماس قىلىپ: «ئۆلۈم يېرىگە كېتىپ بارىمەن. يا تىرىك كېلىمەن ياكى يوق. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مېھرىنىگارنى كۆرۈۋېلىپ يولغا كىرسەم» دەيدۇ. ھەر ھالدا شۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئەۋەتسەك ياخشى بولۇر، بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدىلا، — دېدى.

— ئېھ خوجا، — دېدى پادىشاھ، بۇ سۆزنى ئەبۇلئەلى چىقىرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى غەيرىلەر ئاڭلىسا، نۇشىرۋان شاھ قىزىنى ئەبۇلئەلىگە بېرىپ تۇرۇپتۇ دېسە، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قانداق يۈرەلەيمەن، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟...

خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم دېدىكى:

— ئېھ پادىشاھ ئادىل، ئەگەر ئۆزلىرىدىن رۇخسەت بولىدىكەن، بۇ ئىشنى ھېچقانداق گەپ ـ سۆز چىقمايدىغان قىلىش ئاساندۇر: لەشكەر يۈرۈش ئالدىدا تۇرغاندا ئەبۇلئەلىنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويساق ئەپلەشمەس! نۇشىرۋان سورىدى:

— قانداق قىلسا ئىشنىڭ يولى ئاسان بولىدۇ؟ خوجا جاۋاب بەردىكى:

— ئېھ پادىشاھ ئادىل، ئۆزلىرى بۇ ئىشنى ئوردا خېنىملىرىغا ۋە ئۆي قىزلىرىغا ئاستا ئىزھارلاپ قويۇپ، ئەبۇلئەلى بىلەن خوشلىشىپ قىرىق كۈنلەر شىكارغا چىقىپ كەتسىلە، قالغان ئىشلارنى، ئوردىدىكى مەزلۇملار بەجا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنداق ئىشلارغا مەزلۇم كىشىلەر ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ.

ئەلقىسسە: نۇشىرۋان ئەبۇلئەلى بىلەن مېھرىنىگارنى كۆرۈشتۈرۈش ھەققىدىكى مەخپىيەتلىك سىرلارنى ئوردا مەزلۇملىرىغا ئىزھار قىلىپ، باشقا ئىشلارنى خوجىغا تاپشۇرۇپ ئوۋغا چىقىپ كەتتى. خوجا ئابۇزەر جەمھۇر بۇ خۇش خەۋەرنى ئەبۇلئەلىگە يەتكۈزدى. خانىم ئوردا قىزلىرى ئارقىلىق مېھرىنىگارغا يەتكۈزۈپ، ئەبۇلئەلىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. مېھرىنىگار ئالىي سەرۇ پايلارنى كىيىپ، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى تاقاپ ئەبۇلئەلىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەبۇلئەلى يولغا چىققانىدى. خوجا ئەمرى كېلىپ:

— ئېھ ئەبۇلئەلى، ئۇشتۇمتۇن مەھبۇپ قېشىغا كىرىش ياخشى ئەمەستۇر. ئالدىن مەن كىرىپ خەۋەرلەندۈرەي، ئاندىن سەن كىرگىن! — دەپ راۋان بولدى.

خوجائەمىرنىڭ كىرگەنلىكىدىن مېھرىنىگار ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

خوجائەمىرى كېلىپ ئوتتۇرىدا ئول-

تۇردى. كۆردىكى، مېھرىنىگارنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئۈچ يۈز، سول تەرىپىدە ئۈچيۈز كېنىزەك، ئارقىسىدا تۆت يۈز كېنىزەك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كىيگەن كىيىملىرى، ئۇستىۋاشلىرىدىكى زىبۇ ـ زىننەتنىڭ چاچقان نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ قارىغىلى بولمايتتى. خوجا ئەمرى كۆرۈپ تەھسىنلەر قىلدى. ئەمما يېنىدىكى خىزمەتكار قىزلاردىن بىرىنىڭ يېشىدىن تارتىپ:

— مېھرىنىگار يامان ئەمەسكەن، ئەمما يۈزنى ماخشاقكەن، — دېدى. قىز بۇ سۆزنى مېھرىنىگارغا يەتكۈزدى. مېھرىنىگار ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ ئويلىدىكى: «ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك، خوجائەمرى ئەبۇلئەلىنىڭ ۋەزىرى ھەم ئەيياردۇر. چىقىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېسە، ئۇنىڭ رايى يېنىپ كەتمەسمۇ، قانچىلىك پارا بەرسەم ياخشىراق تەرىپلەپ بېرەر؟» دەپ، خوجائەمرىگە توققۇز سەر ئالتۇن بەردى. بەرگەن ئالتۇننى خوجائەمرى ئېلىپ:

— بۇ جاھاندا مېھرىنىگاردەك خۇش روي قىزلارنى كۆرمىدىم، كېنىزەكلىرى ھەم قالتىس گۈزەل ئىكەن! — دەپ ئەبۇلئەلىنى مېھرىنىگارنىڭ قېشىغا يولغا سالدى.

ئەبۇلئەلى دەرۋازىغا يەتكەندە، مېھرىنىگارغا خەۋەر يەتتى. شۇئان تەختتىن چۈشۈپ ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى. ئىككىيلەن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىلىرىگە مۇڭ ـ دەردلىرىنى تۆكۈپ ئىرماش ـ چىرماش بولۇشتى. گاھى كۈلۈشەتتى، گاھى يىغلىشار ئىدى ۋە بەزىدە بېيىت ـ قوشاقلار ئوقۇشاتتى. ئەبۇلئەلى بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئوتلىنىپ ئىشقىڭدا جانان كۈن ۋە تۈن بىدارىمەن،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى ھەم گۈل يۈزىگە رازىمەن.
بۇ جۇنۇنلۇق دەردىنى ئال دەپ خۇداغا يالۋۇرۇپ،
كۆزلىرىمدىن ياش ئەمەس، يۇلتۇز تۆكۈپ يىغلارىمەن.

مېھرىنىگار بېيىتنى ئاڭلاپ، كۆز ياشلار قىلىپ بۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

نەچچە چاغ بولدى سېنى دەپ دادى پىنھان يىغلىدىم،
مەن بېرىپ ئىزدەي دېسەم يار، قايدا يۈرۈيسەن بىلمىدىم.

ئەلقىسسە: شۇنداق قىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قىزغىن سۆھبەت بولدى، خوجا ئابۇزەر ھاكىم كىرىپ:

— بىر ئىشقا قەدەم قويغۇچى كىشى ھايال بولغۇلۇق ئەمەس. شۇنچە ئولتۇرغىنىڭلارمۇ يېتەر! — دېدى. ئەبۇلئەلى مېھرىنىگار بىلەن خوشلىشىپ ئابۇزەر جەمھۇرنىڭكىگە چۈشتى.

نۇشىرۋاننىڭ ئۇلۇغ قوشۇنى ئۈچ پەرزەنتلىرىنىڭ باشچىلىقىدا مەدايىندىن چىقىپ، مەنزىل- ئۆتەڭلەردىن بېسىپ ئۆتۈپ، ھەيۋەت بىلەن كېلىپ قارىسا كۆۋرۈك بۇزۇلغان. ئەسلىدە گۇستىھەم كېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن ئىكەن، مىڭ بىر مۇشاققەت بىلەن دەريايى شورغا كەلسە، كېمىچىلەردىن بىرسىمۇ قالمىغانىدى. كېمىلەر ۋەيران بولغانىدى. خوجائەمرى باياۋاندا كېمە ئىزدەپ يۈرەتتى، بىر كۆل كۆرۈندى. بۇ كۆلنىڭ لېۋىدە بىر ھۇجرا بار ئىدى، ئەمرى ھۇجرىغا كىردى. ھۇجرىدا بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئەمرى:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— مەن كېمىچىلەرنىڭ بېشى بولىمەن، سىلەردىن بۇرۇن پادىشاھ ئادىلنىڭ پەھلىۋانلىرىدىن گۇستىھەم كېلىپ: «ئارقامدىن لەشكەر كېلىدۇ. ئۇلار كەلسە سىزلەرگە كۆلپەت سالىدۇ. دەرھال يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كېمىچىلەر تارقىشىپ كەتتى، مەن قېرى جېنىم بىلەن بۇ يەردە قالدىم، — دېدى. خوجا ئەمرى بوۋايغا:

— باشقا كېمىچىلەرنى دەرھال يىغىڭ، ئىنئاملار بەرگەيمىز ! — دېدى. بوۋاي شەپە بېرىپ ھەممە كېمىچىلەر يىغىلدى. خوجائەمرى بولغان ۋەقەنى ئەبۇلئەلىگە دېدى. ئەبۇلئەلى ئويلاپ، نۇشىرۋاندىن گۇمانلاندى.

ئەلقىسسە: كېمىچىلەرنىڭ ھەممىسى توپلاندى. لەشكەرلەر كېمىگە ئولتۇردى. كېمىدە كېتىپ بارار ئىدى، بىردىنلا قارشى بوران چىقىپ كېمىلەرنى قايىناغا تىقىۋەتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. بۇلار كۆردىكى شامال كېمىلەرنى مىل① ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. دەسلەپتە مىلنىڭ تۆپىسىگە خەنجەر ئېلىپ يۈرۈپ ئەبۇلئەلى چىقتى. ئارقىدىن خوجائەمرى چىقتى. مىلنىڭ ئۈستىدە بىر پۈتۈك تۇراتتى، ئۇلار پۈتۈكنى ئوقۇدى. پۈتۈكتە: «ھەر كىمەرسە بۇ مىلغا چىقىپ ئىسكەندەر دۇمبىقىنى چالسا، سۇدىكى لەھەڭلەر ئوينىشۇر، ئىككىنچى قېتىم چالغاندا سۇ مىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقار، ئۈچىنچى قېتىم چالغاندا مىل پەسلەپ سۇ يۈزى بىلەن تەڭ بۇلار. شۇ زامان مىلدىكى كىشى كېمىگە سەكرىگەي، ئەگەر ۋاقتىدا چۈشمىسە، كېمە يۈرۈپ كېتىپ، مىلدىكى كىشى قېپقالۇر» دېيىلگەن ئىكەن. ئەبۇلئەلى دۇمباقنى ئۈچ قېتىم چالدى. سۇ مىل بىلەن تەڭ بولدى. خوجائەمرى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئالتۇن چوكىغا قول ئۇزاتتى. ئەبۇلئەلى ئۇنى تېز چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى. ئەلبۇلئەلى ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈپ بولغىچە قىرىق پىرسەڭ يەرگە يەتتى. ئەبۇلئەلى بۇرادىرىدىن ئايرىلغىنىغا كۆپ ئەپسۇسلار قىلىپ يولىغا راۋان بولدى. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن دەريادىن چىقىپ بىر جەزىرىگە يېتىپ كەلدى. ئەبۇلئەلى: «خوجا ئەمرى بۇ كەمگە ئۆلگەندۇر» دەپ ئويلاپ كۆپ پەرىشان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، خوجائەمرى مىل تۆپىسىدە يەتتە كۈن قالدى. ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئېڭەكلىرىنى قوشۇپ ياتتى. ئۇخلاپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە قېشىغا بىر قېرى بوۋاي كېلىپ: «ئورنىڭدىن تۇر !» دېدى. خوجائەمرى:

— سەن نىمە ئادەمسەن؟ ئەگەر ئەزرائىل بولساڭ بىر نەرسە ئېلىپ كېلىپ، قارنىمنى تويغۇزۇپ ئاندىن كېيىن جېنىمنى ئالغىن، نان بەرمىسەڭ جان بەرمەيمەن، ئەگەر خىزىر بولساڭ كۆزۈمنى ئۇۋلاپ ئېچىپ مېنى تۇرغۇزغىن! — دېدى. ئۇ بوۋاي:

— مەن خىزىر بولىمەن، — دېدى، خوجائەمرى:

— ئەگەر خىزىر بولساڭ سېنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، تەڭلىكتە قالغان خەلق ئۇچۇن يارانقان تۇرسا، مەن بۇ يەردە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۆلەي دەپ ياتسام، نىمە ئۈچۈن ئاللانىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ مېنى قۇتقازمايسەن! — دەپ قولىغا خەنجەر ئالدى. بوۋاي نان، سۇ بەردى. خوجا ئەمرى:

— ئېھ بوۋاي، مەن بۇ ئالتۇن چوكىنى ئالىمەن دەپ بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلدىم. دۇمباق دېگەننى ياغاچ چوكىدا چالسىمۇ بولىدۇ. ئالتۇن چوكىنى ماڭا ئېلىپ بېرىپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويغىن! — دېدى. بوۋاي يېنىدىن باشقا بىر ئالتۇن چوكىنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويدى. خوجا ئەمرى بوۋاينىڭ پېشىدىن تۇتۇپ:

— ئەمدى مېنى كۆتۈرۈپ بۇرادەرلىرىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوي! — دەپ

① مىل — مۇنار، تۇيبە: خادا — ياغاچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالدى . بوۋاي كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا غايىب بولدى . خوجائەمرى ئويغىنىپ كۆرسە ، ئۆزى بىر قۇرۇقلۇقتا چىقىپ قاپتۇ . بوۋاي بەرگەن ئالتۇن چوكا ياناتقىنىڭ يىلتىزلىرى ئىكەن . بۇنى كۆرۈپ چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينى بىرمۇنچە تىللاپ بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ ماڭدى .

ئەبۇلئەلى بولسا «خوجائەمرى ئۆلدى» دەپ ئۇنىڭ نەزىرىنى بەردى . دەل شۇ كۈنى خوجائەمرى يېتىپ كەلدى ، ئەمما ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇندى . كۆڭلىدە ئويلىدىكى : بۇگۈن مېنى ئۆلدى دەپ نەزىرىمنى بېرىپتۇ . مەن خوجائەمرىنىڭ روھى بولۇپ بۇگۈن كېچە ئاز - تولا پۇل تېپىۋالمايمەنمۇ دەپ ، تون يېرىمى بىلەن بارگاھىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، تۈڭلۈكتىن بېشىنى تىقتى . ئەبۇلئەلى :

— كىم سەن؟ — دەپ تۇۋلىدى . خوجائەمرى :

— مەن خوجائەمرىنىڭ روھى بولىمەن ، — دېدى . ئەبۇلئەلى :

— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇ ئالەمدە ئەلنىڭ پۇلىنى تولا ئېلىپ قەرزدار بولغان ئىكەنمەن ، پىلسىراتتىن ئۆتكىلى تۇرسام ھايات ۋاقتىدا ئالتۇننى ئېلىۋالغان بىر تۈل خوتۇن كېلىپ :

— ئالتۇنۇمنى بەر ! — دەپ ئېسىلىۋېلىپ ئۆتكىلى قويمىدى . شۇڭا قەرزىمدىن خالاس قىلارمىكىن دەپ سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم ، — دېدى . ئەبۇلئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھەميان ئەشرەفى① ئېلىپ كەمىرىگە باغلاپ سۇنۇپ بەردى . ئەمرى تۈڭلۈكتىن تارتىۋېلىپ ، ئاندىن ئۆگزىدىن چۈشۈپ خوجامەقبىلنىڭ قېشىغا بېرىپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتتى . مەقبىل بەش يۈز ئەشرەفى بەردى . مەئىدىنىڭ قېشىغا بارغاندى . مەئىدى :

— پۇل تىرىكلەرگە لازىمدۇر . ئۆلۈككە نېمە كېرىكى بار . يوقال ! — دەپ كالتەك ئاتتى . شۇنىڭ بىلەن تاڭ يورىدى . ئەتىسى پەھلىۋانلار ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— بۇگۈن كېچە خوجائەمرىنىڭ روھى كەلدى . مىلىنىڭ تۆپىسىدە ئۆلۈپتۇ . بىر مەزلۇمنىڭ ئالتۇنىنى ئېلىۋالغان ئەكەن . ئېسىلىۋېلىپ پىسىراتتىن ئۆتكىلى قويماپتۇ . خىجالەت بولۇپ پۇل تىلەپ كەپتۇ ، — دېيىشىپ تۇرغاندا ئەبۇلئەلىگە بىر ئادەم كەلدى ، دەپ خەۋەر يەتتى . ئەبۇلئەلى : ئولتۇرغانلارنى :

— چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ! — دېدى . چىقىپ كۆرسە ، خوجائەمرى . ھەممە پەھلىۋانلار چىقىپ كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى . بارگاھىغا كېلىپ شاد - خۇرام بولۇپ شادىيانە چالدۇردى . خوجائەمرى بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى .

ئەلقىسسە : نۇشىرۋان لەشكىرى ئەبۇلئەلى ، ئەمرى ، مەقبىللارنىڭ باشچىلىقىدا داۋالىق ئىلگىرلەپ ، سەرەندىپكە يېرىشنى ئىختىيار قىلدى . كېمىچىلەر ھەممە كېمىلەرنى يىغىپ لەشكەرلەرنى يېقىن يول بىلەن باشلاپ ماڭدى . ئەبۇلئەلى بىر كېمىدە ئولتۇردى . پەھلىۋانلار بىر كېمىدە ئولتۇردى . لەشكەرلەر باشقا كېمىلەردە ئولتۇردى . كېمىچىلەر كېمىلىرىنى بولۇشىچە سۈرۈپ ، نەچچە كۈنلەردىن كېيىن سەرەندىپ جەزىرىسىگە يەتتى . بۇلار كېمىدىن چۈشۈپ ، جەزىرىنى تاماشا قىلماقچى بولدى . كېمىچىلەر توسۇپ :

— سىلەر تاماشىغا قىزىقماڭلار ، زىيانلىق نەرسىلەر ئۇچراپ ، سىلەرگە

① ئەشرەفى — ئۇششاق ئالتۇن پۇل .

زەخمى يەتكۈزۈپ قويمىسۇن ! — دېدى . ئەمما پەھلىۋانلار بىرىشقا چىك تۇرۇۋالدى . پەھلىۋانلار جەزىرىگە بېرىپ كۆردىكى ، دەرەخلەر ياپيېشىل ياپراقلار بىلەن پۈركىنىپتۇ . بىر كۆل بار بولۇپ ، سۇلىرى زۇمرەتتەك سۈزۈلۈپ تۇرۇپتۇ . بۇلار بېرىپ سۇدىن قانغىچە ئىچىشتى . ئاندىن دەرەخ تۈۋىگە سايىداش ئۈچۈن بېرىشتى . ئەبۇلئەلى دەرەخنىڭ تۆپىسىدە بىر ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۈنىگدىن :

— سەن نېمە ئادەم ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن ؟ — دەپ سورىدى . ئۇ ئادەم :

— مانا مەن مۇشۇنداق قىلىدىغان ئادەم ! — دەپ دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەبۇلئەلىنىڭ بويىنىغا مىنىپ ، پۇتلىرىنى چىرمىۋالدى . ئەبۇلئەلى ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئادەمدىن ئاجرىيالمىدى . ئەسلى ئۇ رودۇپاي ئىدى . رودۇپاي پۇتلىرىدا ئەبۇلئەلىنى تېپىپ ، مېڭىشقا ھەيدىدى . ئەبۇلئەلى : «يارەنلىرىم قېشىغا بارسام ئېھتىمال مېنى بۇ بالادىن خالاس قىلار» دەپ ، رودۇپاينى بويىنىدا كۆتۈرگىنىچە يارانلار قېشىغا كەلدى . قارىسا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغىمۇ رودۇپايلار مىنىۋاپتۇ . رودۇپايلارنىڭ شەكلى ئادەمگە ئوخشاش ، پۇتلىرى بولسا يۆگىمەشتەك چاپلىشاڭغۇ ئىدى . ھەر بىرسى مىڭلىغان لەشكەرگە تاقابىل تۇرىدىغان پەھلىۋانلار رودۇپايلارنىڭ قولىدا بىچارە بولدى . رودۇپايلار ئادەملەرنى ئات قىلىپ بېقىنلىرىغا تېپىپ ، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ : «سېنىڭ ئېتىڭدىن مېنىڭ ئېتىم يۈگرەك» دەپ سالدىغان كۈننى سالدى . تا ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇنداق بولدى . تۆتىنچى كۈنى بىر يەردە سۇغا ئۈزۈم تۆكۈلۈپتۇ . ئاپتاپ يەپ قايىنغىنى تۇرۇپتۇ . خوجائەمرى بۇنى كۆرۈپ بويىنىدىكى رودۇپايغا :

— سەن مېنى ئۇلتۇرغىلى قويغىن . بىرئاز سۇ ئىچىۋالسام قۇۋۋەتلىك بولىمەن . ئۇ چاغدا يۈگۈرتسەڭ ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن ، — دېدى . رودۇپاي ئۇنىمىدى . يەنە :

— بۇ سۇ ئەمەس مەيدۇر . ئەگەر سەن ئىچىدىغان بولساڭ سېنىڭ پۇتلىرىڭمۇ مېنىڭكىدەك بولىدۇ ،

— ئۇنداق بولسا سەن ئالدىدا ئىچكىن ! — دېدى رودۇپاي . خوجائەمرى سۇ ئىچكەن بولۇپ ئارقىدىن رودۇپايغا ئىچكۈزدى . رودۇپاي مەست بولدى ۋە پۇتلىرى بوشىدى . خوجا ئەمرى رودۇپاينى بويىنىدىن ئېلىپ سۇغا تاشلاپ ئۇرۇپ ، ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى ، ئاندىن كېيىن خوجا ئەمرى قولىغا خەنجەر ئېلىپ ، يارانلىرىنىڭ بويىنىغا چاپلىشىۋالغان رودۇپايلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈردى . ئۇلار بىرقانچە مەنزىل يول يۈرۈپ سەرەندىپ تېغىغا يەتتى .

## نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستاننى ئېلىپ لەندەھۇرنى ئەل قىلغىنى

ئەلقىسسە : لەندەھۇرغا نۇشىرۋان ئادىلنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ ، دەريادىن ئۆتۈپ سەرەندىپ يولىنى ئېلىپتۇ ، دەپ خەۋەر يەتتى .

بۇنى ئاڭلاپ ھىندىستان ئۇلۇغلىرى مەسلىھەتلىشىپ : ھىندىستانغا تەۋە تۆت يۈز قىرىق شەھەر ، ئون ئىككى مىڭ جەزىرىنىڭ ھەممىسىگە نامە ئەۋەتتى . نامە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

«سەرەندىبكە نۇشىرۋاندىن لەشكەر كەپتۇ . دەريادىن ئۆتۈپتۇ ، سىزلەر ھايال بولماي ھەر شەھەردىكى مەردانى ، كارزار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىللارنى ، جەزىرىدىكى غول ئەھرىمەنلەر-
نى ، زەنجىرخورلارنى ، ۋە يەكدەست ئاتەش-
خورلارنى ئېلىپ كېلىڭلار» .

شەھادشاھ ھىندىستاننىڭ شەھەر ،
جەزىرلىرىگە نامە ئەۋەتكەننى كۆرۈپ ، نۇ-
شىرۋان قوشۇنلىرى تەرەپكە قېچىپ كەلدى
ۋە تامام ۋەقەنى بايان قىلدى . نۇشىرۋان
تەرەپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جەڭ ھالىتىدە
يۈرۈش قىلدى . شۇ ماڭغانچە لەندىھۇرنىڭ
مەشىق مەيدانىغا كېلىپ قالدى . ئۇ يەردە
لەندىھۇرنىڭ كۆتۈرۈپ ، ئاسمانغا ئېتىپ
تۇتۇۋېلىپ ئويناۋاتقان تۇرلۇك مەشىق قو-
راللىرى تۇرۇپتۇ . بۇنى پەھلىۋانلار كې-
لىپ مىدىرلىتالمىدى . نەچچىسى بىرلى-
شىپمۇ جايىدىن قوزغىيالمىدى . شۇنىڭ
بىلەن ھەممە پەھلىۋانلار ئەندىشىگە چۈش-
تى . ئاخىرىدا ئەبۇلئەلى يېتىپ كېلىپ ،
لەندىھۇر كۆتۈرۈپ ئويناۋاتقان ساقىنى
كۆتۈرۈپ ، يەنە ئۆز ئورنىدا قويدى . ئەمما
پەھلىۋانلارنىڭ ئۇرۇشتىن رايى يېنىپ ئە-
بۇلئەلىگە :

— بىز لەندىھۇر بىلەن ئۇرۇش قىلا-
ماي ئارقىمىزغا يېنىپ بېرىپ ، نۇشىرۋان
بىلەن جەڭ قىلايلى ، ئۇنداق قىلمىساق
لەندىھۇر بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىشكە كۆ-
زىمىز يەتمەيدۇ . مېھرىنىگار ئۈچۈن تۆ-
كۈلگەن قان بىكار كېتىدۇ . خوتۇننى دەپ
ئۆلۈۋالغان بىلەن ھېچقانداق خوتۇن ئۆ-
لۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلۈپ بەرمەيدۇ . ئە-
بۇلئەلى مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپتۇ دەپ ئۈچ
كۈندىن زىيادە قارا تۇتمايدۇ ، — دەپ
تۇرۇۋالدى . ئەبۇلئەلى پەھلىۋانلارغا :

— بورادەرلىرىم ، بۇنداق نومۇسقا
قالىدىغان خىياللارنى قىلماڭلار . جەڭدىن
قورقۇپ قاچقان ئادەم بۇ جاھاندا قانداقمۇ
باش كۆتۈرۈپ يۈرەلىسۇن؟! — دەپ مۇ-
راجىئەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلئەلى
بۇيرۇق قىلىپ ، ئالغا ئىلگىرىلىدى . ئال-
دىدا مۇقەددىمە لەشكەر يۈردى . ئارقىدىن
ئۇلۇغ لەشكەر سېپى ماڭدى . شۇنداق قى-
لىپ سەرەندىبكە راۋان بولدى . لەندىھۇر
شەھەردىن چىقىپ ئۈچ كۈنلۈك يەرگە كې-
لىپ چۈشتى . شۇنداق شان — شەۋكەت
راسلىدىكى ، ھېچقانداق پادىشاھ مۇنداق
قىلىپ باقمىغانىدى . چوڭ مەيدان ، توققۇز
قوۋۇق راسلىدى . ھەربىر توسۇقتا پەھلى-
ۋانلارنى قويدى . ھەربىر توسۇقتا كۆل ها-
زىرلاپ ئۇنىڭغا لەھەڭ ، تىمساق قاتارلىق-
لارنى ئېلىپ كېلىپ سولىدى . شىر ۋە
مەست پىللارنى ئېلىپ كېلىپ باغلاپ قوي-
دى . زەنجىرخور ۋە ئاتەش خورلارنى قوي-
دى . زەنجىرخورلار تۆمۈرنى ناۋاتتەك چاي-
ناپ يەيتتى . ئاتەش خورلار چوغنى ئاش
— نان دەك يەيتتى . گىلەم قۇلاقلار بىر قۇ-
لىقىنى ئاستىغا سېلىپ ، بىر قۇلىقىنى يۆ-
گىنىپ ئولتۇراتتى . پىل قۇلاقلارنىڭ قۇ-
لاقلىرى ئۆيدەك بار ئىدى . مۇشۇنداق ھەي-
ۋەت قىلىپ ، ئوتتۇرىغا بارگاھ تىكتى ۋە
تاماشا ئۈچۈن بارگاھنى ئالتۇن بىلەن بې-
زىدى . ئاپئاپ چىقسا ئالتۇننىڭ شولىسى
بىر كۈنلۈك يەرگە يېتەتتى . بۇ بارگاھنىڭ
تۆپىسىگە بىر ئالتۇن بېلىق بېكىتىپ ، بې-
لىقنىڭ قاسىراقلىرىنىڭ ئورنىغا جاۋاھى-
راتلار ئورنىتىلغانىدى . لەندىھۇر ھەركۈنى
كېلىپ تاماشا قىلار ئىدى .

بىر كۈنى لەندىھۇر بارگاھنى تاماشا
قىلىپ يۈرەتتى . بىردىنلا مەدايىن تەرەپ-
تىن توغ پەيدا بولدى . توغ ئارىسىدا ئەلەم-
لەر پەيدا بولدى . يېقىن كەلگۈچە چاڭ —
توزان پەسىيىپ ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن سەك-
سەن ئەلەم زاھىر بولدى . بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇمىد پەردار پەھلىۋانلار ئىدى .

لەندىھۇر نۇشىرۋاننىڭ لەشكەر بېشى
ۋە تەربىيىلەپ باققان ئوغلى ئەبۇلئەلىنى
كۆردى . ئۇ بېشىغا تاج كىيىپ ، ئېتىنى
زەر يوپۇق بىلەن يوپۇغداپتۇ . ئوڭ تەرەپكە

شەمشەر ، سول تەرەپكە خەنجەر ئېسىپتۇ . ئىككى يېنىدا تۆت يۈزدىن پەھلىۋان ھەممىسى① تەنتورا- كىيىپ خوجا ئەمرى باشلىق تۆت يۈز تەييار ھەممىلىرى زەرردىنى لىباسلاردىن كىيىپ ، خەنجەرلەر ئېسىپتۇ . بۇلار ئالدىدا موللاق ئېتىپ ئويۇن قىلىپ مېڭىپتۇ . ئارقىسىدا تۆت يۈز تىرئەنداز② مەقبىل باشچىلىقىدا ئالدىغا ئۆچرىغان قارا چۈمۈلىلەرنىڭ كۆزلىرىگە نەشتە ئۇرۇپ چىنەپ مېڭىپتۇ . ئەبۇلئەلى ئاتتىن چۈشۈپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بارگاھىغا كىردى . بىردەم ئولتۇرۇپ :

— لەندىھۇرنىڭ قېشىغا كىرگىلى پەھلىۋان بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى . ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى . ئىككىنچى قېتىم يەنە سورىدى . خوجائەمرى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئەلچىلىكتە مەندىن مۇۋاپىقراق ئادەم يوقتۇر ، لەندىھۇرنىڭ دەبدىبىسىنى مەن كىرىپ بىر پۇل قىلىۋاتىمەن . باشقا كىشى كىرسە خەتەرلىكتۇر ! — دەپ ، نامەنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى .

لەندىھۇرغا نۇشىرۋان لەشكىرىدىن ئەلچى كەپتۇ ، دەپ خەۋەر بولدى . لەندىھۇر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ :

— كەلگەن ئەلچىنى ئېلىپ كىرىڭلار ! — دېدى . ھەممە پەھلىۋانلار ھەيۋەت بىلەن قوۋۇق - دەرۋازىلىرىدا تۇردى . بۇلار ئەلچىنى كۈتۈپ تۇرغاندى ، يىراقتىن بىر كىشى نامايان بولدى . سۆز سورىشاندى ، جاۋاب بەرمىدى . بىر مۇئەللەق ئېتىپ يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ لەندىھۇرنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا يەتتى . خالايىقلار كۆرۈپ ھەيران قالدى . بۇنداق ئادەمنى ھەرگىز كۆرمىگەندى . شۇڭا ھەممەيلەن كۈلۈشتى . لەندىھۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ خەۋەرچىلەر :

— شۇنداق بىر ئەلچى ئىكەنكى ، بۇنداق ئادەمنى ھېچ كىشى كۆرمىگەن بولغىنتى . بۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۈلمەكتىن باشقا ئىلاجى يوق ، — دېدى .

لەندىھۇر ئۇنى ئېلىپ كىرىشكە پەرمان چۈشۈردى . ئېلىپ كىرگەندى ، خوجائەمرى تەزىم قىلدى . لەندىھۇر كۆرۈپ كۈلگىلى تۇردى . خوجائەمرىنىڭ بويىنى ئالماساپىقىدەك ، قورساقلىرى تاۋۇزنىڭ شاپىقىدەك ، پۇتلىرى كېۋەزنىڭ شادىسىدەك ، قەددى ئون ئىككى يېرىم گەز ، يوتىسى ئۇزۇن ، پاچىقى كالتە ، موللاق ئېتىپ ئويۇن قىلسا ئىككى بەش بارمىقى ئىككى قۇلىقىغا تېگىپ ئاۋاز چىقىراتتى . لەندىھۇر نامەنى ئېلىپ كۆرۈپ گەپ قىلماي تىزىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ ، خوجا ئەمرىگە قاراپ يەنە كۈلگىلى تۇردى . لەندىھۇرنىڭ كۈلگىنىگە خوجا ئەمرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە ، قولىغا تۆقماقنى ئېلىپ :

— ئەي مەسخىرەباز ، نېمە كۈلىسەن ؟ نامىنىڭ جاۋابىنى بەرگىن ؟ — دەپ لەندىھۇرنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى . پەھلىۋانلاردىن قايسى «ھاي» دېسە ، شۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى . بىر ئاندا ، بىرمۇندا سەكرەپ يۈرۈپ بۇلارنى ھەيران قىلدى . لەندىھۇرنىڭ بېشىغا يەنە بىرنى ئۇرغاندى . بېشى ئايلاندى . لەندىھۇرنىڭ تاجىنى ئېلىپ بىر موللاق ئېتىپ بارگاھنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كەتتى . شۇئان دەرۋازىدا تۇرغانلار :

— كەلگەن ئەلچى پەھلىۋانلارنى تۆقماق بىلەن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ، پادىشاھنىڭ تاجىنى ئېلىپ قاچتى . تېز تۇتۇڭلار ! — دەپ خەۋەر يەتتى . دەرۋازىۋەنلەر بۇنداق ئادەمنىڭ نەدىن كىرىپ ، نەدىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى .

---

① تەنتۇرا- بەدەننى شەمشەر زەربىدىن قوغداپ تۇرىدىغان كىرەلىك تۆمۈر كىيىم .

② تىرە ئەنداز - مەرگەن - ئوقنى دەل جايىغا تەگكۈزگۈچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەندىھۇر دەر غەزەپ بولۇپ، پىلىغا مىنىپ قوۋۇققا بىرىپ سورىغانىدى. ئۇلارمۇ ھېچ كىشىنى كۆرمىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى. لەندىھۇر تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ قوۋۇقتىن ئۆتۈپ كۆردىكى، ئەلچى ئاستا كېتىۋاتاتتى. لەندىھۇر «توختىغىن» دەپ ھەيۋە قىلدى. خوجائەمرى قاراپمۇ قويمىدى. ئاچچىغى كېلىپ ئوقنى قولىغا ئالغاندى، بىر مۇئەللەق ئۆرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. لەندىھۇر ئارقىدىن يەنە قوغلىدى. خوجا ئەمرى بىر تۈگمەنگە يەتتى. تۈگمەندە بىر پوستەكچى تاز تۇرۇپتۇ. خوجا ئەمرى ئېيتتىكى:

— ئاپلا، پوستەكچى، سەن كىچىك تاز ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟! — دېدى. تاز سورىدى:

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— ئەي تاز! — دېدى خوجائەمرى، — مەن ساڭا ھېچنېمە قىلمايمەن، ئەمما پەھلىۋان لەندىھۇر كېلىۋاتىدۇ. جەڭ دۇمبىقى ياساش ئۈچۈن تازنىڭ باش تېرىسىنى سويماقچى ئىكەن. كىچىك تۇرۇپ بىكار ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ.

تاز شۇئان قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ، بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ بېشىنى قاناتتى:

— مانا قارىمامسەن، تېرەم شۇنداق بوش تۇرسا، قانداقمۇ دۇمباق كېرىيەلىسۇن؟ — دېدى تاز. خوجائەمرى:

— ھەي تاز، ئىشنى يامان قىلدىڭ. بېشىڭنىڭ ساق تېرىسىنى تاش بىلەن يىرتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمدى سېنى ھايال قىلماي ئۆلتۈرىدۇ. سەن كىيىملىرىڭنى سېلىپ تۈگمەننىڭ كويلىسىغا كىرىۋال، — دېدى. خوجائەمرى تازنى كويلىغا كىرگۈزۈۋەتتى. كىيىملىرىنى يەڭگۈزلىدى. ئۆزى پوستەكچى بولۇپ تۇردى. لەندىھۇر كېلىپ «پوستەكچى» دىن سورىدى:

— بىرەر كىشى كەلدىمۇ؟

— ئۆگۈت يوق، — دەپ جاۋاب بەردى «پوستەكچى».

— ھەي پوستەكچى، مەن سەندىن ئۆگۈت سورىمىدىم، ئادەم كەلدىمۇ دەۋاتىمەن! — دەپ ئاچچىقلاندى لەندىھۇر.

— تۈگمىنىم تاش تاشلايدۇ دېسەم پۇتمەيۋاتىسىز، مانا كۆرۈڭ، — دەپ تۇۋاقنى ئالدى. قورغاشتىن سۇئاقتى. پوستەكچى تاز شىددەت بىلەن ئېگىزدىن پەسكە قاراپ قورغاشتىن چۈشۈۋاتقان سۇدىن قورقۇپ، سۇدىن بېشىنى چىقاردى. لەندىھۇرنىڭ كۆزى تازغا چۈشتى. تاز ئارقىسىغا ياندى. خوجائەمرى:

— ئەي ئادەم، بىردەم توختاپ تۇرغىن، سېنى ئىزدەپ تېخىچە بىر كىم كەلمىدى. يىراقتا ماجىرا بار، — دېدى.

لەندىھۇر قامچىنى قولىغا ئېلىپ دېدىكى:

— ئېھ پوستەكچى، مەن قوغلاپ كەلگەن كىشىنى سەن نېمە ئۈچۈن كويلىغا يوشۇرۇپ ماڭا ئېيتمايسەن؟! — دەپ پوپوزا قىلىشقا باشلىدى. خوجائەمرى دېدىكى:

— مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىردۇر، ھېچ گەپنى ئاڭلىغىنىم يوق. بىر ئادەم سەكرەپ كېلىپ: «مېنىڭ پاچىقىم سۇنۇپ كەتتى تارىشا بەر» دېدى. تارىشا ئېتىپ بەردىم، ئاندىن «پاچىقىمنى تېڭىپ قوي» دېدى، تېڭىپ قويدۇم. «مېنى كىشىگە ئېيتىپ قويما» دەپ خەنجەرنى قولىغا ئالدى. مەن سىزگە ھېچنېمە دېمىسەم، سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا قامچا دېۋەيلەيسىز؟

لەندىھۇر سورىدى:

— پاچىقى سۇنۇقمۇ؟

— راست سۇنۇق، مەن تېڭىپ قويدۇم، — دېدى خوجائەمرى ۋە يەنە — بىر تاج ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ماڭا بەردى. ئىككى - ئۈچ پىچاق بار ئىكەن، ئۇنى

ھەم بەردى ، — دەپ كۆرسەتتى .

— كۆڭلۈمگە مەلۇمكى ، ئۇ شۇ ئەييارنىڭ ئۆزىدۇر ! ئەي خۇمپەر ، بۇيان چىق ! — دەپ توۋلىدى . تاز قولىغا تاشنى ئېلىپ بېشىغا ئۇرۇپ تۆشۈك - تۆشۈك قىنىۋېتىپ چىققىلى ئۇنىمىدى . لەندىھۇر :

— چىقمىساڭ تۇگمەننى بېقىپ ياتىمەن ، — دېدى . «پوستەكچى» يالۋۇرۇپ :

— ئۇنداق قىلمىسىلا ، سىلىنىڭ ھەيۋىلىرىدىن قورقۇپ تۇگمەنگە ئادەم كەلمىسە ئالتە بالامنى قانداق باقىمەن ؟ مېنىڭ ئۇۋالىمغا قالدىلا ! — دېگەندى ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى سەل يۇمشىدى . «پوستەكچى» :

— بۇ يەردە مەندىن باشقا ھېچ كىشى يوق . كىيىملىرىنى مەن تۇتۇپ تۇراي ، سىلە يالىڭاچ بولۇپ كىرىپ تۇتۇپ چىقسىلا كۇچلىرى يەتمەسمۇ ؟ — دەپ يىغلىدى .

لەندىھۇر تامام كىيىملىرىنى سالدى . قوراللىرى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ تۇرغىلى «پوستەكچى» گە بېرىپ كويلىغا كىرىدى - دە :

— ئېھ ئەييار ، بۇ ياققا چىققىن . پاچاقلىرىڭمۇ سۇنۇپتۇ ! — دېدى .

— مېنىڭ بېشىمنىڭ تېرىسى يۇپقا ، دۇمباق بولمايدۇ . شۇڭا ھەممە يېرىنى تېشىۋەتتىم ، — دەپ چىققىلى ئۇنىمىدى تاز .

لەندىھۇر ئاخىرى سۇغا كىرىپ تازنى تۇتۇپ چىقتى . قارىسا ، «پوستەكچى» كىيىم - كېچەك قورالنى كۆتۈرۈپ يىراقتا كۇلۇپ تۇرغۇدەك . لەندىھۇر :

— ھەي «پوستەكچى» ، قوراللىرىمنى بەرگىن . مانا ئەييارنى ئېلىپ چىقتىم ، — دېدى . «پوستەكچى» دېدىكى :

— ئەي ئەخمەق لەندىھۇر ،شۇنى بىلگىنكى ، مەن بولسام نۇشىرۋاننىڭ باققان ئوغلى خوجائەمرى بولىمەن .

— ئېھ ئەييار ، - دېدى لەندىھۇر ، - ماڭا قىلغان بۇ ئىشىڭنىڭ جاجىسىنى تارتىپ قالىسەن . ياخشىلىقچە كۆڭلەك - تامبىلىمنى بەرگىن .

خوجائەمرى كونا بىر كۆڭلەك بىلەن ئىشتاننى بەردى . لەندىھۇر :

— يېڭىراق كۆڭلەك بەر ، — دېدى . خوجائەمرى :

— يېڭى كۆڭلەك كىيسەڭ ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭغا ماسلاشماي قالىدۇ . ئەمدى سەن پادىشاھ ئەمەس ، بىر پوستەكچى بولدۇڭ ، — دەپ تۇراتتى ، لەندىھۇرنىڭ سىپاھلىرى يېقىنلاپ كەلدى . خوجائەمرى دەرھال تازنىڭ سۇرىتىدە بولدى . پەشلىرىنى قىستۇرۇپ ، بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۇگۇردى . ئارقىسىغا يەنە قاراپ ، يەنە قاراپ ناھايىتى ئەندىشىگە چۈشكەن قىياپەتتە ، لەشكەرلەرنى قېچىشقا ئىشارەت قىلدى .

— ۋاي قېچىڭلار ، جېنىڭلارنى جايلاڭلار ! — دەپ توۋلىدى . سىپاھلار سورىدى :

— نېمە ئىش بولدى ، بايان قىل ،

خوجائەمرى جاۋاب بېرىپ :

— پادىشاھ بىر كىشىنى قوغلاپ كەلگەن ئىكەن . ئۇ ئادەم كويلىغا كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمىدى . ماڭا «سەن كىرىپ تۇتۇپ چىققىن» دېدى . مەن كىرگىلى يېقىن بارغانىدىم ، خەنجەر دېۋەيلىدى ، قېچىپ چىقتىم . پادىشاھ يولغا قارىدى ، بىر كىم كۆرۈنمىدى . شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى : «خەپ سەن يەتتە كىشىنى ئۆلتۇرمەيدىغان بولسام !» دەپ ئەھدى قىلىپ ، ئۆزى كويلىغا كىرگەنىدى . ھېلىقى ئادەم قورغاشتىن قېچىپ كەتتى . پادىشاھ ئارقىدىن چىقىشىغا ، قورغاشتىن چىققىلى قويماي بېشىغا توقماق بىلەن ئۇرۇۋەدى . ئاخىرى پادىشاھ توقماق زەربىدىن بىھوش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ يىقىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتتى . مەن سۇ بەرگەنىدىم ، كۆزىنى ئاچتى . بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ . كىمنى كۆرسە بايىقى ئادەمنى خىيال قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . ئىشتان ـ كۆڭلەكنى يىرتىپ يالىڭاچ بولۇۋالدى . مەن شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ كەلدىم ! ــ دېدى . ئۇلار سورىدى :

ــ ئۆلتۈرمەكچى بولغان يەتتە كىشى كىم ئىكەن ، بىلەمسەن ؟

ــ بىلمەن ، ــ دەپ خوجا ئەمرى لەندىھۇرنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن يەتتە پەھلىۋاننىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى . لەشكەرلەرنىڭ شۇئان رايى يېنىپ چېتكە چىقتى . لەندىھۇر :

ــ مەن چاقىرسام نېمە ئۈچۈن كەلمەيسىزلەر ؟ ـ دېدى

سەرەندىپ لەشكەرلىرى ئاتتىن چۈشۈپ يالاڭباشتاق بولۇپ :

ــ سىزنى ئالدىغان ئەييار بىزنىمۇ ئالدىدى ، ــ دەپ جاۋاب بەردى .

خوجائەمرى بولسا ، بارگاھىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئەبۇلئەلگە بايان قىلدى . ئەبۇلئەلى كېلىپ لەندىھۇرغا ئۆزرە ئېيتىپ بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى . لەندىھۇر ھېچقانداق تائام يېمەي شاراب ئىچتى . لەندىھۇر قانچىكىن جەڭ قىلماسلىق تەرىپىدە تۇردى ، ئەمما ئەبۇلئەلى قوبۇل كۆرمىدى . تۈن يېرىمى بىلەن لەشكىرىگە ياندى . ئەتىسى جەڭ دۇمبىقى چېلىندى .

لەندىھۇر ئارقا ـ ئارقىدىن ئون يەتتە نۆۋەت ئەلچى ئەۋەتتى . ئەبۇلئەلى ئاخىرقى ئەلچى كەلگەندە ئون قامچا ئۇرۇپ ياندۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى . ئەبۇلئەلى بىلەن لەندىھۇر ئىككىسى ئون يەتتە كۈن ئېلىشتى ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى . ئەبۇلئەلى دېدىكى :

ــ ئىككىمىز جەڭ قىلغىلى ئون يەتتە كۈن بولۇپتۇ . ئاچ ، ئۇسسۇزلۇققا قارىماي ئېلىشتۇق . ئاش ـ تائام يەپ ، تەشنالىقنى قاندۇرۇپ شاراب بىلەن ھاردۇق چىقىرىپ ئاندىن كېيىن ئېلىشساق قانداق ؟

بۇ مەسلىھەت لەندىھۇرغىمۇ ياقتى . ئۇلار تائام يېگەندىن كېيىن بەدەنلىرى سۇسلاشتى . لەندىھۇر سورىدىكى :

ــ ئېھ ئەبۇلئەلى بۈگۈن كەچ بولۇپتۇ . ھەرقايسىمىز ئۆز ئارامگاھىمىزدا ئارام ئالساق ، ئەتىلىككە ھازىر بولساق قانداق ؟

لەندىھۇرنىڭ سۆزىنى ئەبۇلئەلى خوپ كۆردى . بۇلار بارگاھىغا قايتىشتى . بىرنەچچە كۈنگىچە مەي ئىچىپ مۇشۇنداق ئۆتتى . ئاخىرى لەندىھۇر ھىندىستان ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئەبۇلئەلىنى تەكلىپ قىلماق بولدى . بۇ خەۋەر ئەبۇلئەلگە يەتتى . بۇلار ئىراق ئۇلۇغلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەتلەر قىلىپ ، ئالدىدا پەھلىۋانلاردىن بىرقانچىنى ئەۋەتىپ ، ئەڭ ئارقىدا ئەبۇلئەلى بارماقچى بولدى .

ئەمدى گەپنى گۇستىھەمدىن ئاڭلايلى :

گۇستىھەم نۇشىرۋاندىن رۇخسەت سوراپ ، ئەبۇلئەلىنى يول ئۈستىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ ماڭدى . ئەبۇلئەلى يېقىن يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ سەرەندىبكە گۇستىھەمدىن بۇرۇن كەلدى . گۇستىھەم مەقسىتىگە يېتەلمەي ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ گۇناھىنى تىلەپ ، جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئەبۇلئەلى ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلدى . لەندىھۇرنىڭ ئەبۇلئەلىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغىنى گۇستىھەمگە ياخشى پۇرسەت بولدى . يول ئۈستىدە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى . سۆسىنە دەپ بىر

خوتۇن بارئىدى ، ئۇنى ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى . سۆسىنە شۇنداق خوتۇن ئىدىكى ، قەددى - قامىتى ، سۆز - خۇلقلىرى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى . ئەگەر ئۇ ناخشا ئېيتىپ ئويۇنغا چۈشسە ، تامام خەلق بار دۇنياسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيتتى . ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈيدىغان نەچچە ئويۇنچى شاگىرتلىرىمۇ بارئىدى .

ھەممە نازىنىن ، ھەممە دىلفەزىر ،①
مەلاھەت بىلەن شېرىن دەستىگىر②
يۈرۈش - تۇرۇشى گويا جەۋانداز ،
پېرى پەيكىران مالايىك شىكار .

گۇستىھەم بۇلارغا ئېيتتىكى :

— ئەبۇلئەلى لەندىھۇرنىڭكىدە مېھمانغا بارىدۇ . ئەمدى ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى . بىز بارغىچە سىزلەر دەرھال بېرىپ يول ئۈستىدىكى چىمەنزارلىقتا بارگاھ تىكىپ زىنىنەتلەپ ، قالۇن ، بەربادلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ، پەرى يۈزلۈك گۈزەللەرنى ھازىر قىلىپ ، بىرشىشە «زەھەرھىلاھىل» ئېلىپ ، يەنە بىرنەچچە شىشە شاراب ئېلىپ ئۇنىڭغا دورابىھۇش قوشۇپ تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار . پەھلىۋانلار كەلسە دورابىھۇش بېرىڭلار ، ئەبۇلئەلى كەلسە زەھەر بېرىڭلار . پەھلىۋانلارنى باغلاپ يوشۇرۇڭلار ! — دەپ بۇلارنىڭ قېشىدا قەباد بىلەن ئەردەشىرنى قويدى . ئۆزى ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا كەتتى ۋە بېرىپ ، لەندىھۇرنىڭ زىياپىتىگە تېزراق بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋالدى .

ئەمدى لەندىھۇرغا كەلسەك ، ئۇ پەھلىۋانلىق ئەسۋابىدىن بىلەك ، تارتۇق ئوچۇن توققۇز جەڭ پىلى تەييارلىدى . ھەممىسىگە ئوق ئۆتمەس پولات يوپۇق . پىلنىڭ خارتۇملىرىغا ئىككى بىسلىق مەغرىب شەمشىرى باغلىدى . ئۇچىسىغا تەختراۋان ، ئوزۇق - تالقانلاردىن ئارتىپ ، ئۇنى باشقۇرغىلى پىل باقارلارنى تەييارلىدى . يەنە ئۇرۇش شىرىدىن توققۇزنى تەييارلىدى . ئۇنى ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلاپ ، ئاي يۈزلۈك نازىنىن كېنىزەكلەرگە تۇتقۇزدى ۋە يەنە توققۇز يۈز ئىراق ئارغىماقلىرىنى تەييارلاپ ، ھەربىرىنى بىردىن غۇلام تۇتۇپ تۇردى . تەييارلىغان سوۋغىلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ھىندىستان ئۇلۇغلىرى ئەبۇلئەلىنىڭ بارگاھىغا يۈردى . ئەبۇلئەلى ھەم ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھىغا ئېلىپ كىردى . ئاش - تائاملاردىن كېيىن تامام ھىندىستان ئۇلۇغلىرى پەگاھقا چۈشۈپ :

— ئېھ سۇلتان ، سەۋەب چىقىپ زېمىنىمىزغا كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن ! ئەمما جەڭ قىلمىساق . بېھۇدە قان تۆكۈش پايدىسىزدۇر . بىز سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزنى قوبۇل قىلىمىز ! — دەپ تەلەپ قىلدى . ئەبۇلئەلى ھەم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل كۆرۈپ ، مېھماندارلىقتا ئۈچ كۈندىن كېيىن بارماقچى بولدى . بۇكۈنى لەندىھۇر بارگاھىغا يېنىپ ، ئۈچىنچى كۈنى كېلىپ ئەبۇلئەلىنى ئېلىپ باشلاپ يۈردى . تامام ئىراق پەھلىۋانلىرى بىرگە يۈردى . بۇلار بېرىپ لەندىھۇرنىڭ بارگاھىغا چۈشتى . زىياپەتلەر ھازىرلىنىپ شاراب ئىچىشكە باشلىدى . ئاي يۈزلۈك ساقىلار سەدەپ پىيالە بىلەن شاراب تۇتۇشماقتائىدى . ھاپىزلار قالۇن ، بەرباتلارنى مۇڭغا كىرگۈزۈپ ، دىلنى ئېرىتمەكتە ئىدى . ساداغا كەلتۈرۈپ زىياپەت شۇنداق مول بولدى .

ئەمدى سۆسىنەدىن سۆز ئىشتىمەك كېرەك :

① دىلفەزىر - يېقىملىق ② دەستىگىر - ئۆزىگە ئەسىر قىلغۇچى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆسىنە گۇستىھەمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ ئاتلانغاندىن كېيىن، دەرھال چىدەنزارلىققا كېلىپ، كاتتا شاھانە چېدىرلادىن تىكىپ، نەچچە شاھ سۇپىسى قۇرۇپ زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن توشقازدى. بىر كونا قەلئە بارئىدى، قەبادنى بىرنەچچە كىشى بىلەن ئۇ يەرگە يوشۇردى. ئۆزى چېدىر ئىچىدە تۇردى. يولدىن ئۆتكۈچىلەر بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ ئۆتەر ئىدى. كىشىلەر سوراپ قالسا: «بىز بەندە سۇرەتتىن بولىمىز. سۇلتان ئەبۇلئەلىگە ئويۇن قويۇپ بەرگىلى كەلدۇق. ئەگەر خالىسا، مەدايىنغا بېرىپ خىزمىتىنى قىلماقچىمىز» دەپ جاۋاب بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، «بەندە سۇرەتتىن ئويۇنچىلار كەپتۇ» دېگەن سۆز لەشكەرلەر ئارىسىغا پۇر بولدى.

تۆتىنچى كۈنى گۇستىھەم ھۇلۇقا ھەيرانىگە شاراب تۇتۇپ:

ــ ئېھ ھۇلۇقا ھەيرانى، ئۆمەرمەئدىدىغۇ سەندىن چوڭ، ئىككى ئىنىسى نېمە ئۈچۈن سەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ. سەن پادىشاھ نەسلى، ئۇلار قاراقچى نەسلىدىن تۇرسا؟! ــ دېدى.

بۇ سۆز ھۇلۇقاھەيرانىغا ياقتى، بۇ خىيال ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەم بارئىدى. ئەمما ئۆمەرمەئدىنىڭ ئىنىلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەتتە غالىب ئىدى. ئاخىر بۇ سۆز بالاغا باش بولۇپ، غوملۇق پەھلىۋانلار ھەر تەرەپتىن جېدەل چىقاردى. بۇلار پەھلىۋانلىق شىجائەتتىن ۋە نەسەپتىن سۆز ئېچىشماقتا ئىدى.

ئەلقىسسە: ئۆمەرمەئدى كىرىپ جېدەلنى كۆرۈپ، زۇلھىمارنى ناماقۇل قىلىپ چىقاردى. كۈن كەچ بولدى. چىقىپ ئېتىغا مىنىپ بەدەر كەتتى. ئەمما نەگە ماڭغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداق كېتىپ بارسا كۆيۈۋاتقان ئوت كۆرۈندى. شۇ تەرەپكە يۈردى. يېقىن بېرىپ قارىسا شاھانە چېدىرلار تىكىلىپتۇ، نەغمە ـ ناۋا ياڭراپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا سۆسىنە ۋە ئۇنىڭ ئۇسسۇلچىلىرى چىقىپ ئالدىغا كەلدى ۋە مىڭلىغان ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئاتتىن چۈشۈردى. بارگاھىغا ئېلىپ كىرىپ شاراب تۇتتى. شارابنى ئىچىپلا ھوشىدىن كەتتى. دەرھال باغلاپ، ئېتىنى ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇلۇقا ھەيرانى كەلدى، ئۇنى ھەم مىكرى بىلەن باغلىدى، بۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا پەھلىۋانلار: «ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن» دەپ ئەنسىرىشىپ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ قولغا چۈشتى، ئاخىرى خوجا ئەمىرنىڭ قەدىمى يەتتى. كۆردىكى، كاتتا چېدىر تىكىلىپتۇ. زىياپەت قىزىپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە مەجلىس ئەۋجىگە يەتتى. سۆسىنە دەرھال چىقىپ مىڭلىغان ناز ـ كەرەشمە، مىكىر ـ ھىيلە بىلەن ئەبۇلئەلىنى تەكلىپ قىلدى. ئەبۇلئەلى سورىدىكى:

ــ سىزلەر قەيەردىن كەلدىڭىزلەر؟

ــ بەندە سۇرەتتىن بولىمىز. ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى شەرەپ بىلىپ ئارقىلىرىدىن ئەگىشىپ كەلدۇق. ئۆمرىمىزنى خىزمەتلىرىدە بەجا كەلتۈرسەك دەيمىز، ــ دەپ سۆسىنە بىر پىيالە شاراب تۇتتى. ئەبۇلئەلى شارابنى ئالماي تۇرۇپ:

ــ ئاۋۋال سەن ئىچكىن: ــ دېدى. سۆسىنە:

ــ سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بىئەدەپلىك قىلىپ شاراب ئىچىشكە ھەددىمۇ؟! ــ دەپ گەپ ئويناتتى.

ــ ئىچكىن، بۇ ھىندىستان قائىدىسىدۇر! ــ دېدى. سۆسىنە قانچىكى قىلىپ باقتى. ئەمما ئەبۇلئەلىگە تەڭ كېلەلمىدى. ئەبۇلئەلى قەمقامنى قولىغا ئېلىپ:

ــ دەرھال ئىچكىن! ــ دېيىشىگە،

سۆسىنە شارابنى تۆكۈۋەتتى ۋە تاشقىرى
چىقىپ بىر چاۋاك ئۇرغانىدى . جەك باتۇ-
رى قەباد كەلدى . قەباد ئەبۇلئەلىنى كۆ-
رۇپ ، ھىندىستان تىلىدا سۆزلەپ :

— بۇنىڭغا تەك كېلىدىغان كىشى
يوق . ئەمدى قاچايلى ، — دەپ بەدەر قاچ-
تى . سۆسىنە ھەم كېنىزەكلىرى بىلەن
غايىب بولدى . سۇبھى بولغانىدى ، مەقبىل
كەلدى . كۆردىكى ئەبۇلئەلى يالغۇز ئولتۇ-
رۇپتۇ . مەقبىل يەرگە تۆكۈلگەن شارابنى
كۆردى . شاراب قايىنغىلى تۇرۇپتۇ . بۇ-
نىڭغا سېلىنغان زەھەر ھىلاھىل ئىكەن ،
ئارقىدىن لەشكەرلەرنى باشلاپ گۇستەھەم
كەلدى . سۆسىنەنى ھېچ يەردىن تاپالمى-
دى . باغلانغان پەھلىۋانلارنى خالاس قىل-
دى . قانچە تەكشۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ ئىش-
نى كىم قىلغانلىقىنى بىلەلمىدى . گۇس-
تەھەم دېدىكى :

— ئېھ ئەبۇلئەلى ، سىز بىلەن سۆز-
لەشكەن ئايال قايسى تىل بىلەن سۆزلەش-
تى؟ ئەبۇلئەلى :

— ھىندىستان تىلىدا سۆزلەشتى ،
— دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، بىتەھقىق لەندى-
ھۇرنىڭ ئويۇنى بۇ ! — دېدى . ئەبۇلئەلى
دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغانىدى . گۇستەھەم :

—جەك دۇمبىقى ئۇرۇڭلار ، مەن
بېرىپ لەندىھۇرنىڭ جازاسىنى بېرىمەن !
— دەپ ئاتقا مىندى . باشقا پەھلىۋانلارمۇ
ئەگەشتى . جەك دۇمبىقى ياڭرىدى . بۇنىڭ
ساداسى لەندىھۇرغا ئاڭلاندى . لەندىھۇر
دەرغەزەپ بولۇپ :

— خەپ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئە-
رەب بەچچىلىرىنىڭ ئەدىپىنى ئەتە ئۆزۈم
بەرمەيدىغان بولسام ، بويۇنلىرىغا زەنجىر
سېلىپ ، بىر - بىرىگە چېتىپ ، كۆرىدى-
غاننى كۆرسەتكەيمەن ! — دەپ جەڭگە
بۇيرۇدى .

ئىككى تەرەپ تاڭ ئاتقۇچە قاراپ تۇر-
دى . سۇبھى بولغاندا سەپكە تىزىلدى . لەن-
دىھۇر تۇغ تۇۋىدە تۇردى . ئەبۇلئەلى ھەم
تۇغ تۇۋىدە تۇردى . ئۇ كۆردىكى ، ھىندىس-
تان لەشكىرىنىڭ ئەۋزائى (ئەپتى) بۆلەك-
چە ئىدى .

بولۇپ بىر - بىرىگە تەقابىل سىپاھ ،
زېمىن - پەلەك ئولدەم بولدى تەباھ .
ئۇرۇپ نەئرىلەر ، پىرزوز ھاي - ھۇي ،
شجائەتتە مەيدان ئارا جەڭگى جوي .

ئەلقىسسە ، ئىككى تەرەپتىن پەھلى-
ۋانلار بۆلۈنۈپ مەيدانغا قاراپ ئاتلىرىنى
ئويناقشىتىپ يۈردى . ئالدى بىلەن لەندى-
ھۇر مەيدانغا كىرىپ :

— ئېھ گۇناھخور ئەرەبلەر : سىلەر
بىئەدەپ خەلقلەر ئىكەنسىلەر ، سىلەرنىڭ
شۇنچە ھۆرمىتىڭلارنى قىلسام بىلمىدىڭ-
لار ، ئەمدى كېلىڭلار ، ئەمدى ئازار يەتسە
ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار ، سىلەرگە رەھىم
- شەپقەت قىلغۇچىلىكى يوق ئىكەنسىلەر !
— دەپ ئۆزىگە تاقابىل تىلىدى . خوجا
ئەمرى كىردى ، چېكىنىپ چىقتى . گۇس-
تەھەم كىردى ، ئۇمۇ قېچىپ چىقتى . ئول
كۈنى لەندىھۇرغا ھېچكىم تەك كېلەلمى-
دى . ئاخىرى تۈركىستاندىن پىرۇز تۈرك-
نى نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن ئېلىپ كەلدى .
پىرۇز تۈرك ئون سەككىز نامدار پەھلىۋان-
نى باغلىۋالدى . ئاخىرى لەندىھۇر ئۆزى
مەيدانغا چۈشتى . بۇلار بىر - بىرىنى يې-
ڭەلمىدى . ئەتىسى چېلىشقا چۈشتى . لەن-

www.uyghurkitap.com

دىھۇر پىروز تۈركنى باستى . شۇنىڭ بىلەن پىروزتۈرك يېڭىلىپ ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مەيداندىن چىققانچە تۈركىستانغا كەتتى .

لەندىھۇر ئەبۇلئەلىنى جەڭگە چاقىردى . يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ قىلىمىغان پەنتى قالمىدى . ئاخىرى ئەبۇلئەلى لەندىھۇرغا :

ـــ شۇنچە ئېلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق . ئەمدى بىر ـ بىرىمىزنى قايىسمىز كۆتۈرۈپ يۇتنى يەردىن ئۈزەلىسەك مەيدان شۇنىڭ بولسۇن ! ـــ دېدى . لەندىھۇر ماقۇل بولدى . لەندىھۇر دىققەتسىز ئىدى ، ئەبۇلئەلى بىر نەئىرە ئۇرۇپلا كۆتۈرۈۋالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنى باغلاپ خوجا ئەمرىگە تاپشۇردى .

ـــ لەندىھۇرنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن بەنگە تارتىڭلار ! ـــ دەپ بۇيرىدى ، لەندىھۇر دېدىكى :

ـــ ئېھ ئەبۇلئەلى ، مەن سېنىڭ ئىتائىتىڭنى قوبۇل قىلغان تۇرسام ، نېمىشقا مېنى باغلاقتىن بوشاتمايسەن ؟ ـــ دېدى . ئەبۇلئەلى :

ـــ دەريادىن ئۆتۈپ ئاندىن باغلاقتىن خالاس قىلىمىز ، ـــ دەپ ، ئالدىغا نازۇنېمەتلەر قويدى . نەچچە كۈنلەردىن كېيىن سەرەندىبكە يېتىپ باردى .

## گۇستىھەمنىڭ ئەبۇلئەلىگە زەھەر بېرىپ ، نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكىنى

گۇستىھەمنىڭ بىر كېنىزىكى بولۇپ ، ئاجايىپ خۇش ئاۋاز ئىدى . گۇستىھەم ئۇنى ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى . ئەبۇلئەلى ئۇلارنى ئىززەتلەپ ئولتۇرغۇزدى . گۇستىھەم كېنىزەككە :

ـــ ۋاقىت تېپىپ ئەبۇلئەلىغا زەھەر بەرگىن ، ـــ دەپ ئۆگەتتى ، شۇنداق قىلىپ بۇلار ئەبۇلئەلىنىڭ خىزمىتىدە قالدى .

نەچچە كۈنلەر ئۆتتى . بىر كۈنى خوجامەقبىل خاس خىلۋەتتە ، خوجائەمرى بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتى . ئەبۇلئەلى كىرىپ كەلدى . ئۇ ھەم ئىچىپ كەيپ بولۇپ ياتتى . مەقبىل بىلەن خوجا ئەمرى قايتىشتى . كېنىزەكلەر ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىدا قالدى . بىر كەمدە ئەبۇلئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ شاراب تىلىدى . بۇ جاسۇسلار ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ بىر پىيالىگە زەھەر ھىلاھىلنى سېلىپ ئۈستىگە شاراب قۇيۇپ بەردى . شارابنى ئىچتى ، شۇ زامان ئەبۇلئەلىگە زەھەر تەسىر قىلىپ يىقىلدى . جاسۇسلار شۇئان بارگاھتىن قاچتى . خوجائەمرى تاشقىرىدا ئىدى ، ئەھۋالنى پەملەپ يۈگرۈپ ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا كىردى . كۆردىكى ، ئەبۇلئەلىنىڭ يۈزلىرى سىياھدەك قارا بولۇپ كېتىپتۇ .

خوجائەمرى كېنىزەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ خەنجەر بىلەن ئۆلتۈردى . مەقبىل ئۇخلاپ ياتقانىدى . ئۇنى ئويغىتىپ ، شۇئان يارانلارغا خەۋەر قىلدى . گۇستىھەم خەۋەر تاپقىچە شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ، سەرەندىبنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئەتتى . خەندەكلەرگە سۇ توشقازدى . تاڭلا گۇستىھەم كېلىپ ئىككى كېنىزەكنىڭ ئۆلۈكىنى كۆردى . بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى سۆيۈنۈپ ، كۆڭلىدە : «ئەبۇل-

ئەلى ئۆلۈپتۇ ، لەشكىرى شەھەرگە قېچىپ
كىتىپتۇ » دەپ ، شەھەرگە ئات سالدى ۋە
جەڭ ئېلان قىلدى .

خوجائەمرىگە كەلسەك ، ئەبۇلئەلنى
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ بولۇپ ، يىراق
بىر جايدا ئىقلىمۇن دەپ بىر تېۋىپ بار
دەپ ئاڭلاپ ، ئىقلىمۇن ھاكىمنى ئېلىپ
كېلىشكە ماڭدى . ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— نۇشىرۋان ئادىلنىڭ بىقىپ تەر-
بىيىلىگەن ئوغلى ۋە ھازىرقى كۈيئوغلى
ئەبۇلئەلى زەھەرلەندى ! — دەپ ئۇنىڭ
ئەسباب ـ دورىلىرىنى ئالدۇرۇپ ئەبۇلنىڭ
قېشىغا يېتىپ كەلدى . ئىقلىمۇن ھاكىم
ئەبۇلنى كۆرۈپ ، شۇنداق ئۆتكۈر زەھەردىمۇ
يەتتە كۈنگىچە ئۆلمىگىنىگە ھەيران بولۇپ :

— «شاھ مېھرى» بولغان بولسا سا-
قىيار ئىدى ، — دېدى . خوجا مەقبىل
ئېيتتىكى :

— قايسى كۈنى ئەبۇلئەلى خوجائابۇ-
زەر جەمھۇر ھاكىم بىلەن خوشلاشقىلى بار-
غاندا خوجا ئەبۇلئەلىنىڭ بىلىكىگە شاھ
مېھرى سىلىپ تېڭىپ قويغانىدى ، — دې-
دى . ئىقلىمۇن ھاكىم ئەبۇلئەلىنى يۇمىد-
لىتىپ يۇرۇپ زەھەر كار قىلمايدىغان دورا
شاھ مېھرىنى ئوڭ بىلىكىدىن تېپىپ ئې-
لىپ ، ئادەم سۇتىگە چىلاپ ئەبۇلئەلىنىڭ
ئاغزىغا تېمىتتى . ئەبۇلئەلى يەتتە كېچە ـ
كۈندۈزگىچە قەي قىلىپ ، چىرايلىرى ئا-
قاردى . يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كۆزىنى
ئاچتى . ئەبۇلئەلى تامام ۋەقەنى بايان قىل-
دى . ئەبۇلئەلى گۇستىھەمنى سورىدى .
خوجائەمرى جاۋاب بېرىپ :

— گۇستىھەم قەلئەنى قورشاپ جەڭ
قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى . ئەبۇلئەلى يارلىق
قىلىپ :

— لەندىھۇرنى بەندىن جۇدا قىلىپ
ئېلىپ كىرىڭلار ! — دېدى . ئۇنىڭ پەھ-
لىۋانلىق كېيىملىرىنى كىيدۈرۈپ بېشىغا
تاج تاقىدى . ئاندىن :

— گۇستىھەمنىڭ جازاسىنى بەر -
گەيسىز ! — دېدى . ھەممە پەھلىۋانلار
شەھەردىن چىقتى . گۇستىھەم لەندىھۇرنى
كۆرۈپ چوكا ئادەم سۇرىتىگە كىرىپ بىر-
نەچچە كۈن قېچىپ يۇرۇپ مەدايىنغا بېرىپ
بولغان ۋەقەنى نۇشىرۋانغا ئەھۋال مەلۇم
قىلدى . بىر نەچچە كۈن مەدايىندا تۇرۇپ
ئاندىن كېيىن لەشكەر يىغىپ تۈركىستانغا
زوفىن كاۋۇسنىڭ يېنىغا باردى . زۇفىن
كاۋۇس : «پادىشاھ ھەفتە ئىقلىم نۇشىر-
ۋاننىڭ پەھلىۋانى گۇستىھەم كېلىۋاتىد-
مىش» دەپ ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ ئىزەت-
ئىكرام بىلەن بارگاھىغا ئېلىپ كىردى .
گۇستىھەم كېلىش سەۋەبلىرىنى زوفىنگە
بايان قىلىپ :

— ئەبۇلئەلىگە ھېچكىم تەڭ كې -
لەلمىدى ، — دېدى . زوفىن دېدىكى :

ئەگەر ئەبۇلئەلى مەدايىنغا كەلسە پا-
دىشاھ ماڭا كىشى ئەۋەتسۇن ، بىر شەرتىم
باركى ، پادىشاھ مېنى كۈيئوغۇللۇققا قو-
بۇل قىلسا ، مەن بېرىپ ئەبۇلئەلىنى يوقى-
تىپ بېرىمەن . گۇستىھەم :

ئانداق بولسا مەن كىشى ئەۋەتەي ،
— دەپ ئۆز خەلقىنى مەدايىنغا ئەۋەتىپ ،
ئۆزى زوفىن قېشىدا قالدى .

(داۋامى بار )

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **مۇھەممەت
ئوسمان**

(ئاۋات ناھىيىسىدىن )

مۇھەررىرى : **ۋاھىتجان ئوسمان**

# ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت

سايدا ئاققان سۇلارنىڭ
بارار جايى بارمىكىن؟
كەچتە كۈتمەن دەيدۇ،
سۆزىدە تۇرارمىكىن؟
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سايدا ئاققان سۇلارنىڭ
ھېچ يەردە قارارى يوق.
ۋاپاسىزغا دىل بەرسەم.
تىرىقچە ئەتىۋارى يوق.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سايدا سۇ كېچىپ يۈرۈپ،
پۇتۇمنى يىلان چاقتى.
دەرد ــ ئەلەمدە ياشلىرىم
سايىنىڭ سۈيىدەك ئاقتى.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

يالاڭئاياغ سۇ كەچتىم،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
بىۋاپاغا دىل بەرسەم،
باشقىلارغا قاش ئاتتى.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سايدىن ئۆتۈپ كەل دەيسەن،
سېپىڭنىڭ تېگى تاشلىق.
ۋاپاسىزنىڭ يۈرىكى
سايىنىڭ تېشىدەك قاتتىق.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سايدىكى قورام تاشتا
ئوت ياقسام كۆيۈپ كەتسە.
ۋاپا قىلمىغان يارغا
ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كەتسە.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئۆچاقتىكى چاپاننى
دىكامىكىن دەپتىمەن.
چىرايىڭغا بىر قاراپ،
ئادەممىكىن دەپتىمەن.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئەنجان ياغلىق قولۇمدا،
باغلىغۇمۇ كەلمەيدۇ.
ئىككى يۈزلۈك شۇ يارغا
قارىغۇمۇ كەلمەيدۇ.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئەجەبمۇ بولاق بولدى،
ھويلاڭدىكى قارىئۆرۈك.
بىۋاپالىق قىلغاننى
يولدا تاشلاپ كەتكۈلۈك.
ۋا پاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

چارقامنىڭ ئۇچى ھالقا،
ھالقىسىدىن چۆرۈيمەن.
ۋاپا قىلمىغان يارنى
باش كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

كېچىدە ئىزدەپ يىرىپ،
تاپالمىدىم مەلەڭنى.
ياش تۆكۈپ يىغلاپ ئىدىڭ.
ئۇنتۇدۇڭمۇ ۋەدەڭنى.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

بېغىڭدىكى قوناقنى
سوياپ سالدىم سېۋەتكە.
ئىشەنمەڭلار، ياش باللا،
ۋاپاسى يوق سۆلەتكە.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندا،
يارنى كۆردۈم بوستاندا.
ئىشەنگىلى بولمايدۇ،
شۇ بىۋاپا ئاشنامغا.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

پىلىنىڭمۇ بالاسى بار،
قوينىڭمۇ قوزاسى بار.
بىۋاپالىق قىلغاننىڭ
قىيامەتتە جازاسى بار.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سۇ باشلىدىم بېغىمغا،
پىستە، بادام، ئۈزۈمگە.
ۋاپاسىزلىق قىپ تۇرۇپ،
كىرىۋالما كۆزۈمگە.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئون سەككىزگە كىرگەندە،
ساقال چىقتى ئېڭەككە.
ۋاپاسىزنى سۆيىمەيمەن،
داغ چۈشۈرۈپ يۈرەككە.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئون سەككىزگە كىرىپتۇ،
ساقال ــ بۇرۇت ئۈنۈپتۇ.
قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىپ،
يەنە بىزدىن كۆرۈپتۇ.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

سۇ بويىدا تاغلار بار،
ئەتراپىدا باغلار بار.
سۆي دېگەنگە سۆيىمەيمەن،
يۈرىكىمدە داغلار بار.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

* * *

ۋاپا كېلەر دېۋىدىم،
بۇ جاپانى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىقكەن،
ئايرىلارنى كىم بىلدى.

مۇزات دەرياسىدا
مۇزنىڭ گاداسى.
جاھاندا يوق ئىكەن
يارنىڭ ۋاپاسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاپاسى باردۇ دەپ
چەندان يۈگۈردۈم .
ۋاپاسى يوقلىقىن
ئەمدى تونۇدۇم .

مۇزاتنىڭ سۇلىرى
توستى يولۇمنى .
ۋاپاسىز چەيلىدى
غۇنچە ـ گۈلۈمنى .

مۇزاتتىن ئارتىلىپ ،
يەتتىم كۈچاغا .
ۋاپا ئىزدەپ كېلىپ ،
قالدىم جاپاغا .

كىشىگە بارمىكىن ،
كىشىنىڭ ۋاپاسى .
ۋاپاسىز دەردىنىڭ
بارمۇ داۋاسى ؟

داۋاسى بولسا گەر ،
تاپسام جاھاندىن .
جاھان كەزسەم ، كېچىپ
سەندەك جاناندىن .

ۋاپا ئىزدەپ يۈرۈپ ،
تاپتىم جاپانى .
ئىشتتىم يۈز تۈمەن
تەنە ـ تاپانى .

قارا قۇچقاچ كېلىپ ،
قوندى تېرەككە .
شۇ يارنىڭ گەپلىرى
تەگدى يۈرەككە .

قارا قۇشۇم ئۇچۇپ
كەتتى يېنىمدىن .
شۇ يارنىڭ تەننىسى
ئۆتتى جېنىمدىن .

ئىگەم ئاللا ، ماڭا
بەردىڭ جاپانى .
نېسىپ قىلدىڭ ئەجەب
تەنە ـ تاپانى .

غىرىبلىقتا ئىگەم
يادىمغا چۈشتى .
مالامەتنىڭ بارى
باشىمغا چۈشتى .

جىمىي دەردنى ماڭا
بەرگەن خۇدايىم .
سىلار بىر كۈن بېشىم
پەرۋەردىگارىم .

كېتەرمەن باش ئېلىپ
بەلخۇ ـ بۇخارا .
ئۆزۈڭ ھالىمغا يەت ،
پەرۋەردىگارا .

ئات ـ ئۇلاغ بازاردىن
ئات ئالاملا ، تاپچاقمۇ ؟
راست گەپلىرنى قىلسىلا ،
راست ئۇينامىلا ، چاقچاقمۇ ؟

يار تۇتمىسام بوپتىكەن
سەندەك ھالى يوغانى .
ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن ،
ۋىجدانى يوق نادانى .

قارا ياغاچتا سېغىزخان
قوغلىسامۇ كەتمەيدۇ .
بىزنىڭ يار نادان باللا ،
كىشى ھالىغا يەتمەيدۇ .

ئۆستەڭ سۈيى لايكەن دەپ ،
كۆلچەك كولاپ سۇ ئىچكەن .
نادان ياردىن بېگانە
ئۆتسەڭ كۆڭلۈڭ تىنچكەن .

تىللا دېدىڭ تۆگمەڭنى ،
تىللا ئەمەس ، كۈمۈشكەن .
بىزنى كېچىك نادان دەپ ،
بىر كاداڭغا دۇم چۈشكەن .

بۇغداي قويدۇق سۇگەنگە ،
باھاسىدۇر بەش تەڭگە .
ئىشقى يوق نادان يارىم
ئىتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە .

شايى كۆڭلەك كىيىپلا ،
بەللىرنى باغلىماي .
نادان بىلەن يۈرۈپلا ،
ئۆزلىرنى چاغلىماي .

شايى كۆڭلەك كېيگەندە
يېپەك ياغلىق باغلىغان .
باشتا ئاشۇ نادانى
دىتى بار دەپ چاغلىغان .

شايى كۆڭلەك يىرتىلدى ،
يېپەك بەلۋاغ ئۈزۈلدى .
شۇ نادانىنىڭ بېغىدا
كۆز يۇمماي تاڭ سۈرۈلدى .

يېپەك رومال قولۇڭدا ،
شارپا قىلىپ باغلايسەن .
ئەجەب قىلدىڭ ، ھەي نادان ،
مېنى نىمە چاغلايسەن .

يېپەك رومىلىم بولسا ،
بەلگە چىگىپ ئوينىسام .
ھەجەپ ئاچچىقىم كېلەر ،
قىلغىنىڭنى ئويلىسام .

يېپەك ياغلىقىم قالدى
بېغىڭدىكى بادامدا .
يۈز ـ خاتىرە يوق ئىكەن .
ھىسياتى يوق ناداندا .

يېپەك ياغلىقىم بولسا ،
بەلۋاغ قىلىپ ئوينايمەن .
كېچىلىرى كۆز يۇمماي
شۇ نادانى ئويلايمەن .

راۋابىمنى چالاي مەن ،
ناخشا ـ قوشاق قاتاي مەن .
سەن نادانىنىڭ دەردىنى
كىمگە بېرىپ ئېيتاي مەن .

راۋاب بىلەن ناخشاڭدا
تۆكىۋالغىن دەردىڭنى .
كۆڭۈل بەرسەڭ نادانغا ،
بىلمەيدىكەن قەدرىڭنى .

يىلىنسامۇ ئاھ ئۇرۇپ ،
سەن قەدرىمنى بىلمىدىڭ .
شۇنچە خەق ئاراسىدا
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ .

قايرىۋەتتى پۇتۇمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتۈكۈمنىڭ پاشنىسى .
بىر كۈن قىلار پۇشايمان ،
شۇ ناداننىڭ ئاشنىسى .

جانان چىنەم پىشقاندۇ
بېخنىڭدىكى خۇمداندا .
قىلچە رەھىم يوق ئىكەن
ھېسياتى يوق ناداندا .

دۆڭگە چىقسام ، دۆڭ ياخشى ،
ئۆيگە كىرسەم ، ئۆي ياخشى .
ئىشقى يوق نادان ياردىن
قوشقا قاتقان ئۆي ياخشى .

قوشقا قاتقان ئۆيۈڭگە
شاپاق بىلەن ھەلەپ بەر .
ئىش بىلمىگەن نادانغا
تاياق بىلەن ئەدەپ بەر .

ئېغىلدىكى ئۆيۈمنىڭ
يانتاق بىلەن خوشى يوق .
نادان بولغاچ شۇ يارىم ،
مېنىڭ بىلەن ئىشى يوق .

ئوچىقىمنىڭ چىشى يوق ،
ھۆل ـ قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق .
باشتا كۆيگەن شۇ نادان ،
بوب قالغانمىش خوشى يوق .

قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇڭلار
يولغا چىققان چاشقاننى .
ھەرگىز يارىم دېمەڭلار
ئىش كۆرمىگەن ناداننى .

ئالتۇن ئۈزۈك قۇيدۇممەن ،
ياقۇتتىن كۆز قويدۇممەن .
نادان بىلەن يۈرگەنگە
خىنەككىچە[1] تويدۇممەن .

سۇنى قۇيدۇم قازانغا ،
چاينى سالدىم چايدانغا .
قاچان قەدرىم ئۆتتۈلەر
بىلىشى يوق نادانغا .

ئوڭ يانىمدىن ئۆتكۈچە ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ .
مېنى مازاق قىلغۇچە
يار ئۆتمايمەن دېسەڭچۇ .

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە
دان ئىزدەشنى بىلمەيدۇ .
مېنىڭ يارىم نادانكەن
كۆڭۈل ئىزدەشنى بىلمەيدۇ .

ئاق قۇشقاچمۇ دان يەيدۇ ،
قارا قۇشقاچمۇ دان يەيدۇ .
كۆڭلۈمنى چۈشەنمەستىن ،
يار بىزنى نادان دەيدۇ .

(ئاق قۇشقاچمۇ دان دەيدۇ ،
قارا قۇشقاچمۇ دان دەيدۇ .
قەدرىمىزنى بىلمەستىن
يار بىزنى يامان دەيدۇ . )

ئاق قۇشقاچ ، قارا قۇشقاچ ،
بېرىپ نەلەردە دانلايدۇ .
كۆڭلى باشقىدا بولغاچ ،
يار بىزدىن يامانلايدۇ .

ئاق قۇشقاچ بېرىپ قوندى
ھويلاڭدىكى تېرەككە .
نىمانچىلا قىينايسەن ،
ئوتنى سېلىپ يۈرەككە .

ئاق قۇشقاچ ، قارا قۇشقاچ ،
چار بۇغدايغا تويدۇڭمۇ ؟
ئوتلىرىڭدا كۆيەرمەن ،
كۆزلىرىمدىن تويدۇڭمۇ ؟

ئاق قۇشقاچقا دان بەرسەم ،
قارىسى نېمە يەيدۇ .
نادانغا كۆڭۈل بەرسەم ،
خەقلەرگە بېرىپ دەيدۇ .

ھەر كۈنى كېلىڭ دەيدۇ ،
جىڭ گەپنى قىلىڭ دەيدۇ .
نادان يارىم كۆڭلۈمنى
خوش قىلىشنى بىلمەيدۇ .

تامغا يۆلىنىپ يىغلاپ ،
ئاققان ياشىم كۆل بولار .
مەن مەلەڭدىن كەتكەندە ،
باغ ـ ۋارانىڭ چۆل بولار .

ئالمىغا قول ئۇزاتتىم ،
شاخلىرىنى ئېگەي دەپ .
سەن مېنى ياراتمىدىڭ ،
باشقا ئەرگە تېگەي دەپ .

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدىن
ئۇچۇپ كەلدى بىر ئۇلا .
يارىم مېنى خارلىدى ،
ئىچىمدە دەردىم تولا .

مەن مېلىمنى ھەيدىدىم ،
تال بويىغا ، باراڭغا .
مەن ئەمدى گەپ قىلمايمەن ،
قەدىر بىلمەس ساراڭغا .

تال باراڭدىكى قويلار
ھاۋا يانسا ئوت يەيدۇ .
بىزنى قاقشاتقان يارىم
قىيامەتتە نېمە دەيدۇ .

قاتتىق ئۆيۈمدا ياتسام ،
يارىم ئاچتى قوينۇمنى
يۈزى قىلىن شەرمەندە ،
قويۇپ بېرىڭ بوينۇمنى .

چاپىنىڭمۇ خادانى ،
ئىشتىنىڭمۇ خادانى .
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم ،
كىم سورايدۇ دەۋانى .

يارىمنىڭ يارى بۆلەك ،
قايرىلىپ كۈلگەن بىلەن .
قاش ئېتىپ ، كۆز ئويىنىتىپ ،
گۈل قىلىپ يۈرگەن بىلەن .

ئۆگزەڭگە چىققان بىلەن ،
چەللەڭگە ئۇلاشمايمەن .
بىرى سېنى ئالداپتۇ ،
مەن سېنى تالاشمايمەن .

قاراقات يوپۇرمىقى
قاتمۇقات بولار ئىكەن .
ئىلاجىم يوق كۆيۈككە ،
كەلمىسەم بولار ئىكەن .

① خىنەك ـ كېكىرتەك

مەن قارىسام كۈلسەن ،
شېرىن خىيال سۈرسەن .
مەن ئىشقىڭدا پەرۋانە ،
سەن كىم بىلەن يۈرسەن ؟

ھەممە ئىشنى بىلسەن ،
مەن يىغلىسام كۈلسەن .
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ ،
تېنىمنى كۈل قىلسەن .

بادام دوپپىلىق يارىم ،
گۈلگە سۇ ئاچاي دەملا .
يۈرەككە ئوت سېلىپ قويۇپ ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا .

گۈلگە سۇ ئاچاي دەيمەن ،
يارىمنى قۇچاي دەيمەن .
دەستە - دەستە گۈل تىزىپ ،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن .

گۈل ئارىلاپ سۇ تۇتتۇم ،
گۈل يۈزىنى كۆرەرمەن .
سۇدەك ئاققان يېشىمنى
يوللىرىغا سېپەرمەن .

قولۇمغا تىكەن كىردى ،
دەستەگۈلنى تىزغاندا .
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى ،
يارىمغا خەت يازغاندا .

ئېرىق ياقىلاپ بېرىپ ،
ئاچقان سۇلىرى لايدۇر
ئاستا گەپ قىلىڭ يارىم ،
دوست - دۈشمەنلەر ئاڭلايدۇ .

گۈللەر ئارىلاپ يۈرۈپ ،
بىرنى قىسمىغان يارىم ،
خەقلەردىن ئىزا تارتىپ ،
بىزگە باقمىغان يارىم .

ئېرىقتىكى لاي سۇنى
كۆلگە باشلىغان يارىم .
دۈشمەن گېپىگە كىرىپ ،
بىزنى تاشلىغان يارىم .

سامان بىلەن سەمرىتەي ،
ئېغىلدىكى قويۇمنى .

ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك ،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى .

ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ ،
سوۋۇتتۇم پىيالىدا .
يار مەندىن يامانلاپتۇ ،
كىم باركىن خىيالىدا ؟

پىيالەڭدىكى چاينى
كىملەرگە تۇتاي دەيسەن .
خىيالىڭدا مەن يوقمۇ ؟
ئايدا - يىلدا كەلمەيسەن .

بارمىغاچقا قېشىڭغا ،
يات بولۇپ قالدىمىكىن .
يانچۇقۇمدا پۇل تۈگەپ ،
سەت بولۇپ قالدىمىكىن .

مەن تونۇرغا نان ياقتىم ،
ئىچىگە پىياز سېلىپ .
يۈرەككە ئوت سېپ قويۇپ ،
گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى ،
گۈل ئەمەس ، يانتاق ئىكەن .
دانغا قويغانتىم قۇشۇمنى ،
دان ئەمەس قىلتاق ئىكەن .

دامغا چۈشكەن قۇشلىرىڭنىڭ
پۇتى باغلاغلىق ئىكەن .
مەن سېنى دانا دېسەم ،
دانالىقىڭ چاغلىق ئىكەن .

ھاۋا كۈلۈپ ئۆتتىمۇ ،
بولۇت كېلىپ ئۆتتىمۇ .
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ ،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ ؟

يارىم سېنىڭ بېغىڭدا
جۈپتى ئانارىڭ بارمىدى .
كىشىنىڭكى يارىدا
سېنىڭ تامايىڭ بارمىدى ؟

خۇشمۇ كۆيدۈردۈڭ مېنى ،
ئوچاقتا سالغان چالمىدەك .
زەپمۇ سارغايتتىڭ مېنى ،
بەرگىدە سۇنغان ئالمىدەك .

ئالمىدەك رەڭدار ئىدىم ،
رەڭگىم بولۇپتۇ زەپىران .
يېگىنىم غەم - غۇسسە بولدى ،
ئىچكىنىم زەرداپۇ -قان .

قان يۇتۇپ ئىشقى پىراقىڭدا ،
بولۇپ مەن ناتاۋان .
يىغلىدىم شامۇ سەھەرلەردە
چېكىپ ئاھۇ - پىغان .

ئاھىم ئۆتتى يەتتە كۆكتىن ،
يەتمىدى يارىمغا ھېچ .
يەتسىمۇ يەتكەندۇ ، پەرۋا
قىلمىدى زارىمغا ھېچ .

يولۇڭدا ساقلىدىم شۇنچە ،
كۆرمەي ئۆتتىسەن ، يارىم ،
كۆرسەڭ ، كۆرمەسكە سېلىپ .
ئۆتۈپ كېتتىسەن يارىم .

يارىم كەتكۈدەك ئەمدى ،
بارغان يېرى شور بولسۇن .
بىزنى تاشلاپ كەتكەننىڭ
ئىككى كۆزى كور بولسۇن .

تور ئۈستىدە تۇرۇپ مەن
قانداق ئېيتاي ناخشىنى
يار مېنىڭدىن ئايرىلسا ،
نەدىن تاپار ياخشىنى .

ياخشىنىڭ يامانىمەن ،
سارغايغان سامانىمەن .
ياخشىلىق سوراپ كەلگەن
غېرىب - ناتاۋانىمەن .

ياخشىنىڭ يامانىمەن ،
بۇغدايىنىڭ سامانىمەن .
يارىڭ ئىشقىدا يۈرگەن
سەۋدايى زامانىمەن .

يار مېنى يامان دەيدۇ ،
بۇنىڭغا نېمە چارە .
ھېچكىم ئىشتمەس سۆزۈمنى
غېرىبتۇرمەن بىچارە .

ياخشىدىن يامان بولسام ،
ياخشىدۇرمەن ياماندىن .
نېمە ياخشىلىق كەپتۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماڭا ئاشۇ جاناندىن .

بېشىمدىكى دوپپىنى
ھەرخىل يىپتا يۆمەيمەن .
خاتىرەڭنى جەم قىلغىن ،
سېنىڭ بىلەن يۈرمەيمەن .

باغرىڭ قاتتىق بولغۇچە ،
مەن كۆيگەندەك كۆيسەڭچۇ .
مۇنداق ئەلەم قىلغۇچە ،
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ .

چاقى تاتاپ تاشلايدۇ ،
يار كۆزىنى ياشلايدۇ .
يامان بىلەن بىر بولساڭ ،
سېنى ھاڭغا تاشلايدۇ .

ياغلىقىم يارىمدا قاپتۇ ،
كۆزگە سۈرتۈپ يۈرگۈدەك .
ھەر كېچىسى ياد ئېتىپ ،
ھەر كۈنى تىللاپ يۈرگىدەك .

قاپقارا بوران چىقتى ،
تار كوچىدا چاڭ چىقتى .
يېڭىياچە يار تۇتسام ،
قىپقىزىل ساراڭ چىقتى .

يارىمنىڭ خىيالىدا
مېنى تاشلاپ كەتكۈسى بار .
جىم تۇرسام ، لۈملۈم كۆرۈپ ،
تېخى بوزەڭ ئەتكۈسى بار .

ئۆرۈك پىشتى سارغىيىپ ،
ۋاقتى ـ پەسلى يېتىپتۇ .
يارنى باغدا بار دېسەم ،
ئولتۇرمايلا كېتىپتۇ .

قارىمايلا كېتىپتۇ
غېرىبىنىڭ كۆز يېشىغا .
ئاخىرى پۇشايمان قىلار
ئاشۇ قىلغان ئىشىغا .

ئاخشىمى بارالمايمەن ،
يارنىڭ يولى پاتقاقلىق .
ھالقا بەرسەم يۆتتۈردى ،
يارغا نېمە شالاقلىق .

يارىم ئېكەن جاۋبلداق ،
تەگدى ئەلنىڭ چىشىغا .
جامائەتنى تونۇيدۇ ،
دەرد كەلگەندە بېشىغا .

جاۋبلداق خوتۇن ئالسام ،
كېسەل قىلدى بېشىمنى .
يېگۈزمىدى ۋاتىلداپ
ئارامىدا ئېشىمنى .

چېكىشىم چىلىم بولدى ،
ئىچىشىم ھاراق بولدى .
ۋات ـ ۋات خوتۇن دەستىدىن
باشلىرىم ئوچاق بولدى .

ياستۇقۇم تىكەن بولدى .
تۆشىكىم شىۋاق بولدى .
ھەربىر قىلغان سۆزلىرى
يۈرەككە پىچاق بولدى .

شايى شايى ئەمەسمۇ ،
ئەتلەس پۇلغا كەلمەسمۇ ؟
بىلمەي دوست بولۇپ قاپتۇق ،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ .

ئاي ئايدىڭمۇ ، ئايدىڭمۇ ،
ئايدىڭغىمۇ تويدۇڭمۇ ؟
بىر سۆيۈپ كېتىۋېلىپ ،
مېنى دەردكە قويدۇڭمۇ ؟

ئىشىك ئالدى خامانلىق ،
بىزنىڭ يار يامانلاقلىق .
قاشلىرىدا كۆك ئوسما ،
ياتقان يېرى سامانلىق .

سامانلىقتا چاشقان بار ،
كىتىرلايدۇ كېچىسى .
يامانلىغان شۇ يارنىڭ
قولتۇقىدا بوغچىسى .

بوغجۇمامنى يەشكۈم يوق ،
باشقا قويۇپ ياتارمەن .
بىۋاپانىڭ دەردىنى
كىمگە بېرىپ ئېيتارمەن .

ياز كەتكەندە كۆز كېلۇر ،
ھەر بىرى نۆۋەت بىلەن .

يارىم كەتتى غىپپىدە ،
بىر قاپاق سۆگەت بىلەن .

سەن دەيسەن ھەسەن ـ ھۈسەن ،
مەن كۈننىڭ نۇرى دەيمەن .
ياردىن دىلىم رەنجىدى ،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن .

كۆلۈپ ـ يىغلاپ يۈرۈيمەن ،
مەندە نېمە چارە بار .
شېرىن جاننى قاقشاتقان
كىمنىڭ سەندەك يارى بار .

يار كەلمىسە ، كەلمىسۇن ؛
كىممۇ ئۆلەدۇر .
ئۆز بېشىغا كەلگەندە ،
بىر كۈن بىلەدۇر .

بىر كۈن ئەمەس ، بىر كۈنى
ئۆزى كېلەدۇر .
قايغۇ ـ ھىجران ئوتىغا
تەسكىن بېرەدۇر .

سۇ كېلىدۇ لايلىنىپ ،
كۆلدە ئۆردەك ئايلىنىپ .
يار قىچقارسا چىقمايمەن ،
يۈرسۇن كوچا ئايلىنىپ .

كوچاڭدا تولا يۈرۈپ ،
ئاياغلىرىم سۆكۈلدى .
باھاردىكى يامغۇردەك
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى .

يامغۇردەك يېشىم بىلەن
كوچاڭ لاي بولۇپ كەتتى .
كۆيۈك ئوتىنىڭ تەپتىدە
لايلارمۇ قۇرۇپ كەتتى .

تاغنىڭ ئېتىگە چىقسام ،
ئاق تاش بىلەن قارا تاش .
دەردى بارنىڭ كۆزى ياش ،
دەردى يوقنىڭ باغرى تاش .

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ .
بەلۋېغىڭ بىلەن يەكتەك .
مۇنچە چوڭچىلىق قىلما ،
سەندىن باشقا يار يوقتەك .

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى بەكمۇ ئازادە .
مەن تېخى يارىم دېسەم ،
كۆلمەيسەن ، هارامزادە .

دەريانىڭ ئۇقاشىغا
سيادان تېرىماڭ ، يارىم .
مەن سىزگە نېمە قىلغان ؟
سىگايان قارىماڭ ، يارىم .

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى پىيالە - چىنىگە .
بىر قاراپمۇ قويمىدىڭ ،
مەن غېرىب بىچارىگە .

سۇنى كېچىپ ئۆتكۈچە ،
كەچمەي ئاتلاپ ئۆتسەڭچۇ .
مېنى ئەخمەق قىلغۇچە ،
يار تۇتمايمەن دېسەڭچۇ .

مەھەللىڭدە چۆرگۈلدۈم ،
دوست - دۈشمەندىن قورۇندۇم .
ئىشكايلاڭغا جىق بېرىپ ،
كۆزۈڭگە سەت كۆرۈندۇم .

مەلەڭدىنمۇ كېتەرمەن ،
كۆزۈڭدىنمۇ يۈتەرمەن .
هەرقانچە يامان بولسام ،
يادىڭغىمۇ يېتەرمەن .

كېتەي ئەمدى ، كېتەي ئەمدى ،
كۆزۈڭدىن يۈتەي ئەمدى .
ئالدىڭدا خار بولغۇچە ،
يات يۇرتتا ئۆتەي ئەمدى .

بۇ يوللار ئۇزاق يوللار ،
تاشى بار ، توپاسى يوق .
شۇ كەمدىكى يارلارنىڭ
دەردى بار ، ۋاپاسى يوق .

لەپ - لەپ ئۇچىدۇ سارلار ،
قارىمايدۇ شۇ يارلار .
قارىمىسا ، قارىماس ،
ئەسلى بىۋاپا يارلار .

لەپ - لەپ ياغىدۇ قارلار ،
لەپپەڭشىپ ئۆتەر يارلار .
چاقىرسىمۇ ئېتىنى ،
هە ، دېمەي كېتەر يارلار .

لەپىلدەپ ئۆتۈپ كەتتىڭ ،
شىخىلداپ يۈرۈپ كەتتىڭ .
بىر ئېغىز گەپ قىلغانغا ،
قاپاقنى تۈرۈپ كەتتىڭ .

قاراپ قويسام يۈرىكى
دۈپۈلدىگىلى تۇردى .
ئاخلاپ بەرسەم گېپىنى ،
كوتۇلدىغىلى تۇردى .

كۆندۈرمىگەن تەخەيدەك ،
دىككاڭشىغىلى تۇردى .
چاخچىقىمنى كۆتۈرەلمەي ،
چىچاڭشىغىلى تۇردى .

ئارقىمىزدىن يېتەلمەي ،
پالاقلىغىلى تۇردى .
ئەتراپقا قاراپ باقماي ،
ۋالاقلىغىلى تۇردى .

ئانچىكىملا گېپىمگە
ئەزۋەيلىگىلى تۇردى .
ئۇرغۇسىمۇ بارمىكىن ،
دېۋەيلىگىلى تۇردى .

تۆت سەر ئىچىپ ، مەست بولۇپ ،
لەلەڭشىگىلى تۇردى .
ئوڭ - چەپپىسىنى بىلەلمەي ،
دەلدەڭشىگىلى تۇردى .

هۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام ،
پىشىلدىغىلى تۇردى .
چاقچىقىم ئېغىر كەلسە ،
مىشىلدىغىلى تۇردى .

تەمچىمگە ئوت ياقسام ،
پاسىلدىغىلى تۇردى .
ئېغىزنى يۇمالماي ،
كاسىلدىغىلى تۇردى .

پاشا - كۆمۈت كەلگەنمۇ ،
ۋىرىڭشىغىلى تۇردى .
ئادەمگە ئارام بەرمەي ،
كىرىڭشىغىلى تۇردى .

دۆك - چۆقۈرنى بايقىماي ،
ئالچاڭشىغىلى تۇردى .
كۆڭلۈمدىكىنى بىلمەي ،
كاپپاڭشىغىلى تۇردى .

هەسەل هەرىسى باقسام ،
گىژىلدىغىلى تۇردى .
سىزنى كۆرۈپ يۈرىكىم
پىژىلدىغىلى تۇردى .

پىژىلدىغان يۈرەكىنىڭ
ئوتى بىلەن سۆيى بار .
بىلەلمىدىم تەكتىنى ،
يارنىڭ نېمە ئويى بار .

هەممە ئىشنى بىلسەن ،
بىلمەس بولۇپ يۈرسەن .
پىراقىڭدا هەر دائىم
كۆيدۈرۈپ كۆل قىلسەن .

كۆندۈرمىگەن تايچاقنى
چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىڭ .
بىر لېگەندە قوقاسنى
ئىچمىگە توكۈپ كەتتىڭ .

قارلىغاچتەك ئۇچۇپ كەتتىڭ ،
كاككۇكتەك كېلىپ كەتتىڭ .
مەن غېرىبنىڭ كۆڭلىنى
ئۈزۈك بىلەن ئېلىپ كەتتىڭ .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : قاراقاش ناهىيە ئاقساراي يېزىسىدىن :
**ياسىنئاخۇن ياغ ، تۇرسۇننىياز ئاخۇن داب ، هەسەنئاخۇن راۋاب ، گۈلخان ، مايمۇنىخان**

توپلاپ رەتلىگۈچى : **مەھەممەتتۇردى مىرزەئەخمەت** (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن)

مۇھەررىرى : **نۇرنىسا باقى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھېكمەتلەر

## يىكېدا دايساكۇ ھېكمەتلىرىدىن

مۇھەررىردىن : يىكېدا دايساكۇ (池田大作) 1928 ـ يىلى توكيودا تۇغۇلغان . ياپونىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى تەسكىلاتى سوكا ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھەم رەھبىرى . ئۇ سوكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەركىبىدە باللار يەسلىسىدىن تارتىپ ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان بىر يۈرۈش مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ، مائارىپ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان . ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ھېكمەتكە باي ، ئىلغار پىكىرلىك نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ياشلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان . دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ، بەش قىتئەنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك بېرىپ ، ئىجابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، مول نەتىجىلەرنى ياراتقان يىكېدا دايساكۇ 1983 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ، يەنە كۆپلىگەن داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پەخرىي دوكتورلۇقىغا ياكى پەخرىي پروفېسسورلۇقىغا ئېرىشكەن .

يىكېدا دايساكۇ بۈگۈنكى زاماندىكى داڭلىق مۇتەپەككۇر ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى . ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسان ، ھايات كىشىلىك تۇرمۇش ، دۇنيا توغرىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . تۆۋەندىكىلەر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «يىكېدا دايساكۇ ھېكمەتلىرى» ناملىق خەنزۇچە كىتابتىن ئېلىنغان پارچىلاردۇر .

تەقدىر سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ سىرتىدا ئەمەس . ئۇ پەقەتلا تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى . سىز بۇ ئىشنى تاسادىپىي دەپ قارىسىڭىز ، ئۇنى تەقدىر دەپ ئاتايسىز ، ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ بۇ ئىشنىڭ «تەدبىر» نى بىلەلمىگىنىڭىزدىن ئىبارەت .

* * *

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەڭ زور بەختسىزلىكى : سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى كۆزىتەلمەيۋاقانلىقىدا ، ھاياتنى ئۆز ئەسىرى دەپ بىلىپ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلالمايۋاتقانلىقىدا .

* * *

بىزنىڭ بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپلىققا تولغان دۇنيايىمىز «جەزمەن چىداشقا تېگىشلىك دۇنيا» . مۇنداقچە ئېيتقاندا ھايات ـ ئۈزلۈكسىز جاپا چېكىشتۇر . شۇڭا ، پەقەت جاپا چېكىش ئارقىلىق خۇشاللىق تاپقىلى بولىدۇ . «ئازاب» بىلەن «خۇشاللىق» نىڭ يىغىندىسى ھاياتتۇر .

* * *

مەيلى رېئال جەمئىيەت قانچىلىك پاجىئەلىك ، قانچىلىك يىرگىنىشلىك بولسۇن ، كىشىلەر ھامان جان تىكىپ تاقابىل تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە

ئۇرۇنىدۇ . ئەگەر ، مۇنداق كىشىلىك تە-
بىئىتىگە ئىشەنمىگەندە ، ئەدەبىيات بول-
سۇن ، تارىخ بولسۇن ، ياق ، دۇنيادىكى
ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەت ،
تەرەققىيات قاتارلىق بارلىق نەرسىلەرنىڭ
ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ .

* * *

ئەي ، ھايات سەپىرىدە كېتىۋاتقان
ئىنسان ، ناتونۇش دۇنيا ئالدىڭدا سېنى
كۈتۈپ تۇرىدۇ . بۇ دۇنيادا ئازاب ۋە خەتەر-
دىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس . مانا بۇ
ھاياتنىڭ ئەينى سۈرىتى . بۇنىڭغا نىسبەتەن
كۈچلۈك تەييارلىق بولسا ، كىشىلەر ئۈ-
مىدسىزلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ .

* * *

ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلىقى نې-
مە ؟ قەدىر - قىممىتى نېمە ؟ ئۇ نام -
ئابرۇي ئەمەس ، ھوقۇق ۋە بايلىقمۇ ئە-
مەس . ئىشىنىمەنكى ، بىر كىشىگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا ، قانائەتلىنەرلىك ھاياتنىڭ
بولۇشى ئەڭ قىممەتلىك . بۇنىڭدىن سىز
تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش دېگەندەك ئازابلىق
دەۋرلىنىشنى كۆرەلەيسىز ، ياكى ئۇنىڭ
ئىچىدىن ھاياتلىق كۈچىنى ۋە قەدىر -
قىممىتىنى تاپالايسىز . كىشى تەبىئىيىتى-
دىكى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق مۇشۇ-
نىڭدا ئەكس ئېتىدۇ .

* * *

مەغلۇپ بولۇشقا توغرا كەلسە مەغلۇپ
بولۇۋەرگۈلۈك . بۇنى ياشلىق جاسارىتىدە
تۈزلۈك بىلەن ئىقرار قىل ، مانا بۇ ئاقىلا-
نىلىك . ئۆز خاتالىقىنى تەن ئالماستىن ،
ئەكسىچە ئۇنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش
تولىمۇ رەزىللىكتۇر . سىلەر ھەرگىز مۇن-
داق قىلماڭلار . سوغۇققانلىق بىلەن بۇ
قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل
قىلغاندا ، مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ
ئانىسىغا ئايلىنىدۇ .

* * *

كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى-
ڭىزدا ئۇنتۇماڭكى ، سەۋر - تاقەت قى-
لىش ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىش باتۇرلۇقتۇر .
ھاۋا بەزىدە ئوچۇق ، بەزىدە تۇتۇق بولىدۇ ؛
ھاياتمۇ مۇقەررەر دولقۇنلۇق بولىدۇ ، بە-
زىدە كىشى بالا - قازاغا يولۇقۇپ ، كۆلپەت
تارتىدۇ ، بەزىدە پۈتۈن ئىستىقبالى تو-
گەپ ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولى-
دۇ . مۇنداق چاغدا تولا كىشىلەر بۇ خىل
ئەھۋالنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك ھېس
قىلىشىدۇ . ئەمما ، يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ
پۈتۈن بىر يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن ئە-
مەس . ئالدىمىزدا ئوچۇق كۈنلەر بىزنى
چوقۇم كۈتۈپ تۇرىدۇ . كۆلپەتتە قالغان
ئادەم قانچە ياش بولسا شۇنچە كۆپ تەشۋىش-
لىنىدۇ . قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بىلەن
تىركىشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كۆلپەتكە تېخى-
مۇ چوڭقۇر پېتىپ تېخىمۇ چوڭ دىل ئازا-
رى تارتىدۇ . ئەگەر قانداقلا تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ كۆلپەتتىن قۇتۇلالمىغاندا ،
ئەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ،
سەۋر - تاقەت قىلىش كېرەك ، بۇ نۇقتىنى
ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار . تىت - تىت
بولۇش ، سەۋرسىزلىنىش مىجەزنى ئوسال-
لاشتۇرۇپ ، ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا بۇنىڭدىن
مۇتلەق ساقلىنىش ، سەۋر - تاقەت قىلىپ
كۈتۈش كېرەك . ئازابلىق مىنۇتلار ھامان
ئۆتۈپ كېتىدۇ . ھەقىقىي سەۋر - تاقەتكە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى تۈزىتىۋېلىشقا جاسارەت كېرەك . قەدىمدىن هازىرغىچە ئۆتكەن باتۇرلار بۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەن . مەن سىلەرنىڭ باتۇر بولۇشۇڭلارنى ، ئۆۋەتى كەلگەندە ئۆزۈڭلارنى تۈزىتىۋېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . كىشىلەر قىلچىلىك ئامال تاپالمىغان كۈلپەتلىك مەزگىلدە بۇ كۈلپەتنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك ھېسابلايدۇ . ۋەھالەنكى ، بۇ پەقەت قورقۇنچلۇق خاتا تۇيغۇ . ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئويلىنىپ كۆرگەندە ، بۇ ۋاقىتلىق بىر ئوڭۇشسىزلىق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ . سىلەر كەلگۈسىگە ئېتىبار بىلەن قارىساڭلار ، ئۇنداقتا تەسۋىشلەنمەڭلار ، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار : چوقۇم جاسارەت بىلەن ئۆزۈڭلارنى تۈزىتىۋېلىڭلار ، سەۋر - تاقەت قىلىڭلار .

سەۋر - تاقەت — كۈچ . ھاياتلىق غەلبە ناخشىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ئوڭۇشسىزلىق ، ھەتتا مەغلۇبىيەتنى ۋە روھىي جەھەتتە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرادۇ ؟ ياق ، مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىقتا ، قانچە قېتىملاپ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىسۇن ، پەقەت قەتئىي سەۋر - تاقەت قىلىپ ، قايتا ئورنىدىن تۇرسىلا ھاياتنىڭ ئاخىرقى غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ . ياشلار ، ياشلىق مەزگىل سىلەرنىڭ كېيىنكى ئۇزۇن ھايات سەپىرىڭلارنى بەلگىلەيدۇ . شۇڭا بۇ مەزگىلدە كۈچلۈك پىسخىك زىلزىلە بولسا ، ئوڭۇشسىزلىقمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ . لېكىن شۇنى بىلىڭكى ، بۇ ئەمەلىيەت سىزنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىڭىزدىكى سىناق ، ئىلگىرىلىشىڭىزدىكى بالداق ، ھەر قېتىم كۈلپەت ئۈستىدىن غالىب كەلگىنىڭىزدە ، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى تۈزىتىۋېلىش كۈچىڭىز بىر ئۇلۇشتىن كۆپىيىدۇ .

* * *

كىشىلىك ھايات چۈشكە ئوخشايدۇ ، ھاياتلىق بولسا مەڭگۈلۈك ، شۇڭا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلىك ھايات جىمى بايلىقلاردىن قىممەتلىك . مۇشۇنداق قىممەتلىك ھاياتنى ھېچنېمە قىلماستىن ، بىكاردىن بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ .

* * *

ھايات — قۇرۇلۇشتۇر ، قۇرۇلۇش توختىسىلا ھايات مەغلۇپ بولىدۇ .

* * *

كۆز ئالدىڭىزدىكى سىز قىلالايدىغان ئىش چوقۇم قىزغىنلىقىڭىزنى قوزغىيالىشى كېرەك . كۆز ئالدىدىكى قىلالايدىغان ئىشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلمىغان كىشىنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش سالاھىيىتى يوق . ئاۋۋال مەھكەم تۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىش كېرەك .

* * *

كىشىلەر ھەر كۈنى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ . تۈنۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەت بۈگۈنكى غەلبىنىڭ كاپالىتى بولالمايدۇ . تۈنۈگۈنكى ئوڭۇشسىزلىق بۈگۈن مەغلۇبىيەت پەيدا قىلىشى ناتايىن . ھەربىر دەقىقىدە قىلىنغان ئەمەلىي ئىشلار ھەممىدىن مۇھىمدۇر . بارلىق ئەمەلىي ئىشلار قوشۇلغاندا ، ئۇنىڭ ماھىيىتى سىزنىڭ پۇرسىتىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىز بولىدۇ . مانا بۇ سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىزنىڭ ئومۇمىي يەكۈنىدۇر .

**بارنجان** زەپەر تەرجىمىسى
مۇھەررىرى : **يۈسۈپ ئىسھاق**

# شەجەرەئى تۈرك

## ئەبۇلغازى باھادىرخان

### قالخاننىڭ زىكرى

ئۇنىڭ زامانىسىدا ئۈرگەنچ ئاۋات ، خەلق تىنچ بولدى . ئەرزانچىلىق بولدى . «قالخان خان بولدى ، بىر پۇلغا بىرنان بولدى» دېيىشتى . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ھەق رەھمىتىگە كەتتى .

### ئەقەتايخاننىڭ زىكرى

ئەقەتايخاننى ۋەزىردە خان قىلىپ كۆتۈردى . قالخاننىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى شەيخ مۇھەممەد ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى شاھنەزەر ئىدى . بۇ ئىككىسىگە كاتنى بەردى . پەلەك بىرنەچچە ئۆرگەلگەندىن كېيىن ئەمنەكخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى يىگىت بولۇپ يېتىشتى . ئۇلارغا ۋىلايەت ، ئەل ۋە مال كېرەك بولدى . ئۇلۇغ ئاغالىرى سوفىيانخاننىڭ بەش ئوغلى بار ئىدى . ئەلى ئاتلىق ئوغلىنى سۇلتانغازى سۇلتان ئۆلتۈر-دى . ئەغىش ئاتلىق ئوغلى خۇراساننىڭ خوجەند دېگەن شەھىرىدە ئاپىسىنىڭ يېنىدا بولدى . يۇسۇف ئاتلىق ئوغلى قولىدىن قان ئالدۇردى . قان توختىماي ئۆلۈپ قالدى . ئىككى ئوغلى قالدى . بىرىنىڭ ئېتى يۇنۇس ، يەنە بىرىنىڭ ئېتىپەھلەۋانقۇلى . بۇغچەخاننىڭ ، ئەۋەنىش-خاننىڭ ۋە ئەقەتايخاننىڭ ئوغلانلىرى بىرلىشىپ سوفىيانخاننىڭ ئىككى ئوغلىنى بۇخاراغا قوغلىۋەتتى . ئاندىن كېيىن قالخاننىڭ كاتدا ئولتۇرغان ئىككى ئوغلىنىمۇ بۇخاراغا قوغلى-ۋەتتى . ئاندىن كېيىن ئەقەتايخان ۋەزىردە بولدى . ئۈرگەنچنى سۇلتان ئالدى . ئاندىن مەھمۇد ئاتلىق بىر يامان ئاغىسى بار ئىدى . شۇنىڭغا بەردى . ئۆزى دۇرۇننى ئالدى . باغابادنى ھاجىمخانغا بەردى . نىساي ۋە ئابىۋەردنى دىنمۇھەممەدخانغا بەردى . خېۋەق ۋە ھەزارەسىبنى بۇغچەخاننىڭ ئىككى ئوغلى — ئەش بىلەن دوستىغا بەردى . ئاندىن پاراغەتتە ئولتۇردى . پەلەك يەنە بىرنەچچە ئۆرگۆلدى . سوفىيانخاننىڭ ئوغلى يۇنۇسنىڭ ئالغىنى ئىسمائىلبىي دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ چاغدا مانغىتتىكى كاتتا باي شۇ كىشى ئىدى .

يۇنۇس بۇخارادىن قىرىق كىشى بىلەن «مانغىتتىكى قېيناتام قېشىغا بارىمەن ، ئاندىن ئۈرگەنچنى يۇتىمەن» دەپ ئاتلىنىپ ، كاتنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ تۇك قەلئەسىگە باردى . ئۇ چاغدا ئەل ئۈرگەنچنىڭ ئەتراپىدا ، ۋەزىر ئۇستىدە ئولتۇرۇشاتتى . تۇكتە ئەل يوق ئىدى . شۇ كېچىسى تۇكتە قوندى . ئەتىسى تۇكنىڭ قەلئەسىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قاراپ ، ئۈزگەنچنىڭ قەلئەسىنى كۆردى . ئاندىن قازاقلارغا : «كۆرۈنگەن قايسى قەلئە ؟»

* بېشى ئالدىنقىساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېدى . ئۇلار «ئۆرگەنچنىڭ قەلئەسى» دەپ جاۋاب بېرىشتى . يۇنۇس : «مۇنداقمۇ نامەرد-لىك بولامدۇ ، ئاتامنىڭ يۇرتى ئۆرگەنچنىڭ قەلئەسى كۆرۈنۈپ تۇرسا ، يەنە مەن بۇ يەردىن مانغىتقا كېتەمدىمەن ؟» دېدى . قازاقلىرى «سەن نېمە قىلساڭ بىز تۇرۇۋېتىمىز» دېيىش-تى . ئۆرگەنچكە بېرىشنى قارار قىلىپ شۇ كۇنى تۈكتە تۇرۇپ كۇن پاتقاندىن كېيىن يېرىم كېچىدە ئۆرگەنچنىڭ قىبلە تەرىپىدىن كەلدى . ئاندىن ئاتتىن چۈشتى . پىيادە خەندەك لېۋىگە كەلدى . ئۇ چاغدا ئۆرگەنچنىڭ قەلئەسىنى كۇندە كېچىسى مەشئەل بىلەن ئايلىنىپ ساقلايتتى . يۇنۇس سۇلتان خەندەك لېۋىگە كەلگەندە ، قازاقلار مەشئەل بىلەن بىرنەچچە كىشى كۆرۈندى ، دەپ كەلدى . يۇنۇس سۇلتان يەرگە باغرىنى يېقىپ ياتتى ، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قەلئە تۈۋىگە كەلدى . بىرى ياغاچ تاشلاپ قەلئەگە چىقتى . ئۇ يەنە بىرىنى قەلئەگە تارتىپ ئالدى . ھەممىسى قەلئەگە چىقتى . ئاندىن مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئىشىكى تەرەپكە كېلىپ ئاستا ئۆيىگە كىرىپ تۇتۇۋالدى . ئۇ بىر مەشھۇر تەنتەك كىشى ئىدى . ئەلى سۇلتاندەك ياخشى ئىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆرگەنچنى يەپ ئولتۇرغاندى . ئۇلار تەك ـ باراۋەر ئىدى . ئارىسىدا قان يوق ئىدى . يۇنۇسخان ئىككى كىشىسىنى قوشۇپ ۋەزىردىكى ئەقەتايخان يېنىغا ئەۋەتتى . ئۆرگەنچنىڭ ئۆزبېك ۋە سارتلىرى كېلىپ كۆردى . شۇ كۇنى ئۆزىنى خان قىلىپ كۆتۈردى . سىپاھلار ۋە بويسۇنغان خەلق ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ياخشى كۆردى . مەھمۇد تەنتەكنىڭ سۆزىنى ۋە قىلىقىنى ياقتۇرماي ، ئەمىر-لىرىدىن بىزار بولۇشقانىدى . يۇنۇسخان ئەقىللىق مەرد ، غەيۇر ، يارلىقى قاتتىق كىشى ئىدى .

مەھمۇد تەنتەك ئەقەتاي يېنىغا بېرىپ : « ئاكا ، نېمە ئۈچۈن قاراپ تۇرۇۋسەن ، ئاتلان ، يۇنۇسنىڭ يېنىدا قىرىق كىشى بار . ئۆرگەنچنىڭ ئۆزبېكى مېنىڭ نەۋكىرىم ، رەئىيەت ئۇنىڭغىمۇ ، بىزگىمۇ باراۋەر ، نېمە ئۈچۈن تۇرۇۋسەن ؟» دېدى .

خان خەلقى بىلەن كېڭەشتى ، ھەممىسى ئاتلىنىشنى خوپ كۆردى . خان مۇلايىم كىشى ئىدى . ئۆزى ئاتلىنىشنى خالىمىغان بولسىمۇ ، خەلقنىڭ سۆزىنى يىرالماي ئۆرگەنچكە كەلدى .

يۇنۇسخان قارشى چىقتى . شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ئەلەيھىررەھمەنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدە ئۇرۇشتى . ياز كۇنى چۈش ۋاقتى ئىدى . يۇنۇسخان يەڭدى . ئەقەتايخان قېچىپ كېتىۋاتاتتى ، يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى قاسىم ئەقەتايخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغانىدى . ئۇ نەۋكەر-لىرى بىلەن قوغلاپ خاننىڭ كەينىدىن يېتىپ بوۋىسىغا سالام بېرىپ : «بۇ ئىسسىقتا نەگە بارارسىز ، دەرەخ سايىسىغا چۈشۈڭ ، بوگۈن تۇرۇڭ ، ئەتىگەندە كېتىڭ» دېدى . خان : «ئاتاڭنىڭ ئىچى قازاننىڭ كۆتىدىنقارىراق ، ماڭا ياخشىلىق قىلماقچى بولساڭ تەگمە !» دېدى .

قاسىم سۇلتان ئۈچ ، تۆت قېتىم سۆزىنى تەكرارلىدى . ئەقەتايخانمۇ شۇ جاۋابنىلا بەردى . خاننىڭ قايتمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كېلىپ بوۋىسىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىن-نى تۇتۇپ قايتۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ ئەربابنىڭ ئۆيىگە چۈشۈردى .

ئەربابنىڭ ئېتى سەلمان ئىدى . يۇنۇسخان ئەقەتايخاننى سەلمان ئەربابنىڭ ئۆيىدە ساقلىدى . يەنە ۋەزىردىكى ئوغلانلىرىغا : «قېرى كىشى ئىسسىق كۇندە ئات چېپىپ قورسىقى ئاغرىپ قاپتۇ . ئەۋەتەي دېسەم (مېنى قېيناپ يولغا سالما ، كەتمەيمەن ، ئوغلۇمنىڭ يېنىدا بولمىسام نەۋرەمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېتىمەن) دەيدۇ . سىزلەرگە مەلۇم بولسۇن» دەپ كىشى ئەۋەتتى .

ئون بەش كۇنگىچە خاننى قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ ، دەپ يېنىغا كىشى كىرگۈزمەي ساقلىدى . بىر كېچىسى ئۈچ ـ تۆت كىشىگە : «خاننىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاڭلار ، كىگىزنى كەينىگە (كۆتىگە تىقىڭلار ، ئۆلگۈچە شۇنداق قىلىڭلار ، شۇنداق قىلساڭلار تېند-

نىڭ ھېچقانداق يېرىدە كۆك ياكى باشقا ئالامەت بولمايدۇ. كەينىدىن قان كېلىدۇ. ‹ئىچى ئاغرىغىنى راست ئىكەندۇق› دېيىشىدۇ» دەپ ئۆگەتتى. بارغان كىشىلەر شۇنداق قىلدى. سەھەردە خاننىڭ ئۆلۈكىنى ھارۋىغا سېلىپ ۋەزىردىكى ئوغلانلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.

ئەقەتايخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. بىرىنچىسى ھاجى مۇھەممەد، ئىككىنچىسى مەھمۇد، ئۈچىنچىسى پولاد، تۆتىنچىسى تېمۇر، بەشىنچىسى ئاللاقۇلى، ئالتىنچىسى سۇلايمان.

ئەقەتايخان شېھىت بولغاندا ھاجى مۇھەممەد بىلەن مەھمۇد خۇراساندا ۋە باغابادتا ئىدى. تۆت ئوغلى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئىككى ئوغلىغا خاننىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئېيتىپ كىشى ئەۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككىسى ئاتلاندى. يەنە ۋەزىردىكى ئىنىلىرىغا: «ئاتلانسۇن! پالانى كۈنى ئۈرگەنچتە تېپىشايلى» دەپ كىشى ئەۋەتتى.

ھاجىمخان ئۈرگەنچنىڭ كۈن تۇغۇشىدىكى فاتمە خاتۇن توقىيىدىن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدى. ۋەزىردىكى ئوغلانلىرىمۇ ئاتلاندى.

يۇنۇسخان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچىسى ئۈرگەنچتىن چىقىپ بۇخاراغا قاچتى. يېنىدا نەۋكەر قالمىدى. ھەرقايسىسى بىر تەرەپكە كەتتى. كېتىۋېتىپ ئوغلى قاسىم سۇلتان ئاتىسىدىن ئاداشتى، ئاتىسى ئۇدۇل بۇخاراغا كەتتى. ئوغلى كېچىسى يۈرۈپ ئەتىسى بىر قويۇق قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، بىر تېيىز سۇ ئۇچرىدى. شۇ چاغدىن بېرى ئۇنى «خان چۈنگىلى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەر بۇرلۇ قىرى بىلەن قويغۇننىڭ ئارىسىدا ئىدى. شۇ كۈنى شۇ يەردە ياتتى. يېنىدا بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭغا: «بىر يەردىن ئوزۇق تاپايلى، ئوزۇق بولمىسا خۇراسانغا ئاچ قورساق قانداق بارىمىز؟» دېدى، نەۋكىرى: «سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر، مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، ئەلگە بېرىپ ئوزۇق ئېلىپ كېلەي» دەپ ئاتلىنىپ كەتتى. ئۇ ئادەم

ئۈرگەنچتىكى ھاجىمخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاندىن كۆرگەنلىرىنى ئېيتتى. ھاجىمخان كىشى ئەۋەتىپ قاسىمنى تۇتۇپ كەلتۈرۈپ ئۆلتۈردى.

سوفىيانخاننىڭ ئوغلانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. نەسلى پەقەت قالمىدى. قالخاننىڭ ئوغلانلىرى ئۆلدى. ئۇلاردىنمۇ پەقەت نەسىل قالمىدى.

ئەۋەنىشخان ئوغلانلىرى بىلەن خۇراساندا بولدى. ئەقەتايخان ئوغلانلىرى ئۈرگەنچ بىلەن ۋەزىردە بولدى.

بۇچغەخاننىڭ ئوغلانلىرى ئەش، دوست ۋە بۇرەم خېۋەق، ھەزارىسىب ۋە كاتدا بولدى.

خەلق دوستىنى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئۇ پېقىر، دەرۋىش كىشى ئىدى. ئىنىسى ئەش ياۋغا باھادىر، نەۋكىرىدىن مېلىنى ئايىمايدىغان، ئەقىللىق، مۇسۇلمانلىقى ئاز، بەكمۇ كېلىشكەن كىشى ئىدى. ھەمىشە قىلىدىغان ئىشى خەخنىڭ خوتۇن ۋە قىزىغا كۆز تىكىش ئىدى. ئۆزىگە ئىشلەپ يۈرگەن ياخشى كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغىمۇ كۆز تىكەتتى. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن خەۋپسىرەپ ئاكىسى دوستىنى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئىنىسى «خېۋەق ئاكامنىڭكى، ماڭا ئۈرگەنچنى بېرىڭلار» دەپ تىلىدى. بەرمىدى. ئەش سۇلتان خېۋەقتىن لەشكەر تارتىپ ئۈرگەنچ ئۈستىگە ئاتلاندى. قۇم قەلئە يېنىدىكى چۈرنۈك دېگەن يەردە ئۇرۇشتى. ھاجىمخاننىڭ لەشكىرى كۆپ، ئەش سۇلتاننىڭ لەشكىرى ئاز ئىدى. . سەككىز كۈن ئۇرۇشتى، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئەش سۇلتان ئۆزگە ئەللەردىن تىرىك چۈشكەن كىشىگە ئات ۋە تون بېرىپ قويۇپ بەردى، ئۇيغۇر بىلەن نايماندىن قولغا چۈشكەنلىرىنى قىيناپ ئۆلتۈردى. ئاخىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياراشتى ، ھاجىمخان ئۈرگەنچكە قايتتى .

ئەش سۇلتان خىۋەقكە بېرىپ ئۇيغۇرلارنى ، نايمانلارنى قوغلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە دورمانلارنى كۆچۈردى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ئاتلىنىپ ئۈرگەنچكە باردى . ھاجىمخان ئىنىلىرى بىلەن قارشى چىقىپ تۆك قەلئەسى بىلەن ئۈرگەنچنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇشتى . ئەش سۇلتان يەنە بۇرۇنقىدەك ھارۋا ئېلىپ بارغانىدى ، بىر ھەپتە ئۇرۇشتى ، ھېچقايسىسى غالىب كەلمىدى .

ئەش سۇلتان بىر كېچىسى ئاتلىنىپ ھاجىمخانغا بىلدۈرمەي ئۈرگەنچكە بارغانىدى ، شەھەردە سارتتىن ئۆزگە كىشى يوق ئىدى . ئەقەتايخان ئوغلانلىرى ۋەزىرگە باردى . ئەش سۇلتان ئۆرگەنچتە ئولتۇرغان ئۆزگە ئەلنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى . ئۇيغۇر ۋە نايماننىڭ مىلىنى ئالدى . بالا ـ چاقىلىرىنى ۋەزىرگە قوغلىۋەتتى . ئىككىسى ئىككى يەردە ياۋ بولۇپ تۇردى . ئاندىن ئىككىسى ئەلى سۇلتاننى چاقىرغىلى كىشى ئەۋەتتى . سۇلتان نىسايدا ئىدى . كىشى بارغانلىقى ئۈچۈن ئاتلىنىپ ھاجىمخاننىڭ يېنىغا كەلدى . ئەقەتايخاننىڭ ئوغلانلىرى ئەلى سۇلتاندىن مۇھەممەدخان ئۆلگەنىدى ، ئوغلى ئەبول سولتان ھەممىسى كېلىپ ئۈرگەنچنى قورشىدى ، تۆت ئاي بولغاندا سەھەر ۋاقتىدا قەلئەگە يۈگۈرۈپ چىقتى . ئەش سۇلتان ئاتلىق ، نەۋكەرلىرى پىيادە ياۋغا قارشى كېلىۋاتاتتى . ئەشنىڭ ، دورمان خەلقىدىن تىنەلى ئاتلىق نەۋكىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر قىز سىڭلىسى بار ئىدى . ئەش سۇلتان ئاشۇ قىزغا زۇرلۇق قىلغانىدى . تىنەلىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئاداۋىتى بار ئىدى ، ياۋ قەلئە ئۈستىگە چىقتى ، ئەش سۇلتان قەلئەگە يېقىن كەلگەندە تىنەلى سۇلتاننى ئوق بىلەن ئاتتى . ئوق ئېتىنىڭ ساغرىسىغا تەگدى . ئات كىشنىدى ـ دە ، يىقىلدى . تامنىڭ كۈنجىسىگە سۇلتاننىڭ پاچىقى تېگىپ سۇنۇپ كەتتى . نەۋكەرلىرى ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە قاچتى . خىۋەق سارتىدىن چىبىقلى پەھلىۋان دېگەن كۈچلۈك ، باھادىر ، ياخشى يىگىت بار ئىدى . ئەش سۇلتان ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىپ ھەمىشە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى . چىبىقلىدىن ئۆزگە كىشى قالمىدى . ئۇ سۇلتاننىڭ يىقىلىپ ياتقان يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى . سۇنغان پۇتىنى ئۇزارتتى . شۇ چاغدا ياۋ كەلدى . چىبىقلى سۇلتاننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆلگۈچە چېپىشتى . نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەش سۇلتانىنىمۇ شۇ يەردە ئۆلتۈردى .

ئاكىسى دوستخان خىۋەقتە ئىدى . كىشى ئەۋەتىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى . ئەش سۇلتاننىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى شاھقۇلى ، كىچىكىنىڭ ئېتى تاھىر ئىدى . ئۇلارنى بۇخاراغا ئەۋەتتى . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىمۇ ئۆلدى .

بۇچغەخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئۈچىسىدىنلا نەسىل قالمىدى .

بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 1557 — 1558 ـ يىللار . ت ) ، ئات يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا بولغان .

ھاجىمخانىنى خان قىلىپ كۆتۈردى . ئۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز توققۇز يېشىدا ئىدى . ئۇنىڭغا يەنە ۋەزىرنى بەردى . ئۈرگەنچ ، ھەزارەسىب ۋەكاتنى ئەلى سۇلتانغا بەردى . ئۇ چاغدا ئەقەتايخاننىڭ ئاللاھقۇلى ۋە سۇلايمان ئاتلىق ئىككى ئوغلى ئۆلگەنىدى . تۆت ئوغلى ھايات ئىدى . ئۇلارنىڭ ئاتلىرى مۇنداق : ھاجى مۇھەممەد مەھمۇد ، (بۇ ئىككىسى بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ) . پولاد ، تېمۇر (بۇ ئىككى سى بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ) .

مەھمۇد سۇلتان ئاكىسى ھاجىمخان ..ىنىدا ۋەزىردە بولدى . پولادقا خىۋەقنىڭ يېرىمىـ

نى ۋە تۈركمەندىن ئۇلۇغ تۇبە ، قونىشنى بەردى . تېمۇرغا خىۋەقنىڭ يېرىمىنى ۋە تۈركمەندىن قارا ، بەكەۋۇلنى بەردى . ئاندىن تىنچ ، كۆڭۈللۈك ئۆلتۇردى .

## دىنمۇھەممەدخاننىڭ زىكرى

قالخاننى خان قىلىپ كۆتۈرگەندىن كېيىن دىنمۇھەممەد خانغا نىساي بىلەن ئابىۋەردنى بەردى . دىنمۇھەممەدخان بىر يەردە پاراغەتتە تۇرغۇدەك كىشى ئەمەس ئىدى . ھەمىشە قىزىل باشنى قىراتتى . شۇ سەۋەبتىن شاھ تەھماسىب لەشكەر ئەۋەتتى . دىنمۇھەممەدخان نىسايدا ئىدى . كەلگەن لەشكەرلەر ئابىۋەردنى ئېلىپ ھاكىم قويۇپ قايتىپ كەتتى . دىنمۇھەممەدخان قارشىلاشمىدى . شۇڭا قەزۋىنگە بېرىپ شاھ تەھماسىبنى كۆردى . ئالتە ئاي شۇ يەردە تۇردى . «ئابىۋەردنى قايتۇرۇپ بېرەر» دېگەن ئۈمىد بىلەن بارغانىدى ، شاھ تەھماسىب بۇنىڭغا ئۇنىمىدى . دىنمۇھەممەد بىر مۆھۈرگەر (مۆھۈر ئويغۇچى ) گە شاھ تەھماسىب نامىدا مۆھۈر ئويدۇردى . ئابىۋەرد ھاكىمىنىڭ نامىدا «ئابىۋەردنى دىنمۇھەممەد سۇلتانغا سۇيۇرغال قىلدۇق . يارلىقنى كۆرۈپ ئابىۋەردنى تاپشۇرۇپ بەر» دەپ ھۆكۈم پۈتكۈزدى .

شاھ تەھماسىب ئوۋغا كەتكەندە بىر كېچىسى دىنمۇھەممەد ئاتلاندى . يۈرۈۋەردى ، ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى شاھ تەھماسىبقا ئېيتتى . شاھ «ئۆزى كەلگەنىدى ، ئۆزى كەتتى» دېدى .

دىنمۇھەممەد ئابىۋەردكە كەلدى . ئاندىن يارلىقنى ھاكىمنىڭ قولىغا بەردى ، ھاكىم دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى . ئۇ بېرىپ ئۆيىگە چۈشتى ، ئەتىسى دەرۋازىغا كىشى تەيىن قىلدى ، ئاندىن قىزىل باشتىن بىركىشىنى قويماي ھەممىسىنى ئۆلتۈردى . ئاندىن ئابىۋەردتە پاراغەتتە ئولتۇردى .

بۇ ۋەقەنى شاھ تەھماسىب ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ دىنمۇھەممەد ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . دىنمۇھەممەد «شاھ تەھماسىب يېقىن كەلدى» دەپ ئاڭلاپ ، قىرىق ، ئەللىك كىشى بىلەن ئاتلىنىپ شاھقا قارشى كەتتى . ئۇ چاغدا مەشھەدنىڭ شىمالىدا بىر قارا دەريا بار ئىدى ، شاھ شۇ يەرگە كەلگەنىدى ، قاراۋۇللار دىنمۇھەممەدنى كۆرۈپ شاھقا خەۋەر ئېلىپ كەلدى ، ئىشەنمىدى . يەنە بىر قاراۋۇل باردى ، ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىدى . يەنە بىر كىشى «دىنمۇھەممەد ئىشىككە كېلىپ قالدى» دەپ كەلدى .

شاھ چېدىرنىڭ تاناۋىغىچە (ئىشىكىگىچە ) قارشى كەلدى . دىنمۇھەممەدخان كېلىپ شاھنىڭ تونىغا ئېسىلدى . شاھ بىر قولىنى دىنمۇھەممەدنىڭ بويىغا سېلىپ ، بىر قولىنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن سېلىپ يۈرىكىنى تۇتۇپ تۇردى . ئۇنىڭ يۈرىكى پەقەت سوقمايۋاتاتتى . شاھ دىنمۇھەممەدنىڭ يۈزىگە قاراپ : «يۈرىكىڭ تاشتىن يارالغان ئىكەن دىنمۇھەممەد» دېدى . شۇ كۈنى ئۇلۇغ توي قىلدى ، كۆپ ئىنئاملار بەردى . ئاندىن : «ئابىۋەردنى ساڭا بەردىم ، قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتتۈم» دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۆزىمۇ قەزۋىنگە قايتىپ كەلدى . دىنمۇھەممەدنىڭ قىلغان يەنە بىر ئىشى مۇنداق :

خان مەرۋنى ئۇبەيدىخان نايمان يولىم بىي دېگەنگە بەرگەنىدى . خەلق يولىم بىينىڭ ئۈستىدىن خانغا كۆپ شىكايەت قىلدى . يولىم بىي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى . خاندىن قورقتى . خان نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتتى ، بارمىدى . كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ «تۇتۇپ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئوتتۇزمىڭ كىشى ئەۋەتتى . لەشكەرلەر مەرۋ ئۈستىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئابىۋەردتىكى دىنمۇھەممەدخانغا : «مېنى بۇ بالادىن قۇتقازساڭ» دەپ كىشى ئەۋەتتى . بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىنمۇھەممەدخان ئابىۋەرددىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



مۇرغاپ ئايىقىغا كەلدى . «ھەر بىر كىشى ئۈچ توپ دەرەخنىڭ شېخىنى كەسسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى . كېسىلگەن دەرەخلەر شېخىنىڭ ئىككىسىنى قەنجۇرغىغا (ئۆتۈكنىڭ قونجىسى) بىرىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاتتى ، يەنە ھەر كىشى بۆلەك ـ بۆلەك يۈردى .

مەرۋنىڭ يېرى يۇمشاق ئىدى . قاراۋۇللارغا «بۈگۈن يىراق بولسىمۇ ياۋنىڭ قاراۋۇلـ نى بايقاڭلار» دېدى . ئۇ كۈنى ئازغىنە يۈرۈپ قوندى . قاراۋۇللار ياۋنىڭ قاراۋۇلىنى بايقاپ كەلدى . ئەتىسى كۆچتى ، يەنە ئازغىنە يۈرۈپ قوندى . ياۋنىڭ قاراۋۇللىرى بېرىپ : «دىنمۇھەممەدخان ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن ئاستا كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى .

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشى ئەۋەتتى . ئۇ كىشى دىنمۇھەممەدخاننىڭ قاراۋۇل ، لەشكەرلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا بېرىپ ، «ئۇلۇغ لەشكەر كېلىۋاتىدۇ» دېدى .

«ئىچىمىزدە يولىم بىي ، تېشىمىزدا دىنمۇھەممەدخان ، ئىككى ياۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈن ئولتۇرىمىز» دەپ كۆچۈپ بۇخاراغا قاچتى . دىنمۇھەممەدخان مەرۋگە بېرىپ پادىشاھلىق قىلىپ ئولتۇردى . دىنمۇھەممەدخان ياۋغا باھادىر ، مەرد ، مال ساقلىمايدىغان كىشى ئىدى . نەۋكەرلىرىگە مېھرىبان ئىدى . كىچىك پېئىل ، بەزى ۋاقىتتا قىلىقى دېۋانىلارغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي ، ئاڭلىغان كىشى ئىشەنمەيتتى .

ئۇتارىخىي ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئاتمىشىنچى يىلى (مىلادى 1552 — 1553 ـ يىللار ـ ت ) كالا يىلىدا مەرۋ شەھرىدە قىرىق يېشىدا ۋاپات تاپتى . ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى پايانده مۇھەممەد ، كىچىكىنىڭ ئېتى ئەبۇل مۇھەممەد ، ئۇنى قالخانى قىلغانىدى . پايانده مۇھەممەد ئەقىلسىز ئىدى . بىر كۈنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ : «مېنىڭ يېشىم ئەبۇل مۇھەممەدتىن چوڭ ، ئۇنى خان دەپ ئاتايدۇ ، مېنى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ . سىزنىڭ ھۆكمىڭىز بىلەن شۇنداق دەمدۇ ياكى ئۆزلىرى شۇنداق ئاتىشامدۇ ؟» دېدى .

خان بۇ سۆزگە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرغاندى ، خاننىڭ تۇرۇمچى ئاتلىق بىرياخشى (بېگى تۈركمەننىڭ لەينە ـ لەبنە ئۇرۇقىدىن ئىدى ) بەك ئەقىللىق كىشى ئىدى . ئۇ : «پادىشاھىم ، بۇنىڭ توغرا جاۋابىنى مەن بېرەي» دېدى .

خان : «شۇنداق قىل !» دېدى . تۇرۇمچى پايانده مۇھەممەدكە قاراپ : «سىزنى خۇدايـ تائالا بەرگەندە ئاتىڭىز سۇلتانىدى . ئۇكىڭىز دۇنياغا كەلگەندە ئاتىڭىز خان ئىدى . كىشىنىڭ ئاتىسى نېمە بولسا ئوغلى شۇ بولىدۇ . سۇلتاندىن تۇغۇلغىنىنى سۇلتان ، خاندىن تۇغۇلغىنىنى خان دەيدۇ» دېدى . بۇ سۆز ئەخمەققا توغرا بىلىنىپ كەتتى . ئۇمۇ ئاتىسىدىن كېيىن ۋاپات تاپتى . پايانده مۇھەممەدنىڭ تۇرسۇن مۇھەممەد ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . كېلىشكەن ، ياخشى يىگىت ئىدى . يىگىرمە ئۈچ يېشىغا يەتكەندە ئۆز نەۋكەرلىرىدىن بىرنەچچىسى ياتقان يېرىدە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى . ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى .

ئەبۇل مۇھەممەدخان ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن مەرۋدە خان بولدى . بىر ئوغلى بارئىدى . ئېتى جەلال ئىدى . ئۇ خۇراسان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ باردى . تۆت تەرەپكە چاپاۋۇل ئەۋەتتى . ئۆزى مەشھەد ئۈستىدە يىگىرمە كۈن تۇردى . خۇراساننىڭ بارلىق قىزىلبېشى مەشھەدكە يىغىلدى . شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قارا سۇنىڭ ياقىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇشتى . قىزىل باش غالىب كەلدى . جەلالخان باشلىق ئون مىڭ ئۆز بېكىنىڭ بېشىنى كەستى . ئەبۇلخان يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىمار بولدى .

ھېچكىم ئۇنىڭ بىمار ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. مەشھەدتىن تىۋىپ كەلتۈردى. ئۇ: «بۇ يالغۇز ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، يەنە ئوغلۇم بولسا ياخشى بولاتتى، بولمىسا بولمايدۇ». دېدى. خەلق: «پەرزەنت زور بىلەن ياكى مال بىلەن مۇيەسسەر بولىدىغان نەرسە ئەمەس» دېيىشتى. مەرۋدە بىر ئايال بار ئىدى، ئېتى پەيپەيچە ئىدى. خوتۇنلار ئارىسىدا داب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى. پەقەت ئەرگە تەگمىگەنىدى. تۆت ياشلىق ئوغلى بار ئىدى. ئوغلىنى بەگلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: «بىر كېچىسى خان ماڭا ناخشا ئېيقتۇزدى ۋە مېنى قوندۇرۇپ قالدى. مەن ھامىلدار بولۇپ شۇ ئوغۇلنى تۇغدۇم. بۇ چاغقىچە خاننىڭ ھەرەملىرىدىن قورقۇپ ئېيتالمىغان ئىدىم» دېدى. بەگلەر ئوغلاننى تېۋىپكە تاپشۇردى. تېۋىپ ئوغلاننى خان يېنىغا ئېلىپ باردى. خان ئۇچاغدا كىشىنى ياخشى تونۇمايتتى. تېۋىپ ئوغلاننى، خاننى يالىڭاچ قىلدى. خاننىڭ قوينىغا ئوغلاننى سالدى. ئۈستىگە يوتقان يېپىپ ياتقۇزدى. ئاندىن خانغا ۋارقىراپ: «بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولىدۇ» دېدى. كۈندە ئۈچ ۋاخ شۇنداق قىلدى. خان كۈندىن - كۈنگە تۈزىلىپ ياخشى بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئوغۇل قىلدى. نۇرمۇھەممەد دەپ ئات قويدى. يىگىت بولدى. كېيىن ئەبۇلخان ئۆلدى.

نۇرمۇھەممەدنى خان قىلدى. ئۇ بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئۇنىڭ زامانىدا ھاجىمخاننىڭ ئىنىلىرى ۋە ئوغلانلىرى ئۈرگەنچتىن بېرىپ «سەن لۆلى بەچچە قانداق بىزنىڭ قېرىندىشىمىز؟» دەپ مەرۋنى چېپىپ، كۆپ ئازار بېرەتتى. ئۇ بۇ ئاھانەتكە چىدىماي بۇخاراغا بېرىپ ئەبدۇللاخانغا مەرۋنى سوۋغا قىلىپ كۆردى.

ئەبدۇللاخان نۇرمۇھەممەدنى ئېلىپ ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ مەرۋگە كەلدى. نۇرمۇھەممەدنىڭ غەرىزى ئەبدۇللاخان مەرۋنى ئېلىپ مېنى قايتا ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇپ ئولتۇرسام ھاجىمخاننىڭ ئىنىلىرى، ئوغلانلىرى ماڭا تېگەلمەيدۇ، دېگەنلەر ئىدى. ئۇنىڭ دېگىنى بولمىدى. ئەبدۇللاخان مەرۋنى ئالغاندىن كېيىن جېنىدىن قورقتى، يەنى بىر كېچىسى قېچىپ ئۈرگەنچتىكى ھاجىمخان يېنىغا كەلدى. تەڭرىم بۇيرۇسا ئېيتارمىز. ھاجىمخان بىلەن قىزىل باشقا باردى. بەش يىل قىزىل باشتا تۇرغاندىن كېيىن ئەبدۇللاخان ئۆلدى.

نۇرمۇھەممەدخان كېلىپ مەرۋنى ئالدى. ئۆزبېك خەلقىنى قىردى. سارت بىلەن تۈركەمەننى قوغدىدى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىل باش پادىشاھى شاھ ئەبباسى مازىي كېلىپ مەرۋنى قورشىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇ بىچارە بولۇپ چىقىپ شاھ ئەبباسنى كۆردى. شاھ مەرۋ، ئابىۋەرد، نىساي، دۇرۇن قاتارلىق نۇرمۇھەممەدخانغا تەئەللۇق ھەممە ۋىلايەتلەرگە ھاكىم قويۇپ قايتىپ كەتتى. نۇرمۇھەممەدنى يىغلىتىپ شېرازدىكى بىر مەھكەم يەردە ساقلىدى. نۇرمۇھەممەد شۇ يەردە ئۆلدى. دىنمۇھەممەدخاندىن پەقەت نەسىل قالمىدى.

## ئەۋەنىشخاننىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ زىكرى

چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى مەھمۇد ئىدى. ئۇنى سارى (سېرىق) مەھمۇد سۇلتان دەپ ئاتايتتى. بەك تەنتەك، غەيرەتسىز، نومۇسسىز، قورقۇنچاق كىشى ئىدى. ياخشىلىقتىن ئۇنىڭغا خۇدايىتائالا زەررىچە نەرسە بەرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سارى مەھمۇد دەپ ئاتايتتى. ئەمنەكخان ئەۋلادىدا تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئوغۇل ياكى قىزىدىن شۇ تەنتەكتىن باشقا سېرىق ياكى ئاق تۇسلۇك پەقەت بولغان ئەمەس، ھەممىسى بىر رەڭ بولغانىدى. ئۇ ناپاك بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنى جىق ئادەم بىلەن بوزا ئىچىپ ئولتۇرغان ئىكەندۇق : «ياۋ كەلدى» دەپ بىر كىشى كەپتۇ . بارچە خەلق ئاتقا يۈگۈرۈپتۇ ، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ خۇملاردا تۇرغان بوزانى ئۆي ئىگىسىگە پىچاق بىلەن كۆرسىتىپ : «بۇ خۇمنىڭ بوزىسى بۇ يەرگە كېلىدۇ» دەۋاتارمىش . ئۇمۇ ئاخىرى ئۆلدى . نەسلى قالمىدى .

كىچىك ئوغلى ئەلى سۇلتان . تاش بويىدىكى نىساي ، ئابىۋەرد ، دەريا بويىدىكى ئۈرگەنچ ، ھەزارەسىب ۋە كات ئۇنىڭ قولىدا ئىدى . دەريا بويى ، تاغ بويى بۇ ئىككى يۇرتتا بولغان تۆرە ۋە قارا خەلقنىڭ ئىختىيارى ئەلى سۇلتاننىڭ قولىدا ئىدى . ھەر يىلى ھۇتنىڭ بېشىدا ئۈرگەنچتىن ئاتلىنىپ خۇراساننى چېپىپ يايلاقلىرىدا يايلايتتى . چاپىدىغان يەرلىرىنىڭ چېتى يېل (سېل) كۆۋرۈكى ، تۇرسىز ، تۇربەت ، جام ، خەرگىرد ، ئالغان ۋىلايەتلىرى جۇرجان ، ئۇنىڭ پايتەختىنى كەبۇد جامە دەپ ئاتايدۇ ، جاجىرىم ، كىرەيلۇ ، ئەستىراباد . لەشكەرلىرى قىرىق مىڭغا يەتتى ، كۆز ئەقرەب بولغاندا قايتىپ ئۈرگەنچنى قىشلايتتى . ئاتلىق ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتىنى دەپتەرگە پۈتۈپ يەم — خەشەك بېرەتتى . پىيادە نەۋكەرلىرىگە ئون ئاتلە قوي بېرەتتى . ئۇ تۈركمەننىڭ قويىنى ئۈلەشتۈرەتتى . يەتمىگىنىگە خۇراساننى چاپقاندا پەنجى يىغىدىن بېرەتتى .

بىر يىلى ئاز كىشى بىلەن ئوقلى كۆكلەندىن بارات ئالىمەن دەپ ، ئەستىراباداقا باردى . يەنە نەۋكەرلىرىنى «بارات ئېلىشقا مەشغۇل بولۇڭلار» دەپ ئەۋەتتى .

ئەمدى قىزىل باشنى ئېيتايلى ، شاھ تەھماسىب ھەر يىلى : «ئەلى سۇلتان كېلىپ پالانى ۋىلايەتنى چاپتى» دەپ ئاڭلايتتى . بۇ يىل قىش بەدرخان دېگەن بېگىگە : «ئون ئىككى مىڭ لەشكەر ئال ، خۇراسانغا بار ! ھەرقاچان ئەلى كەلسە ئۇنىڭ بىلەن روبىي — روي بول . ئەمما بۇ سۆزنى كىشىگە ئېيتما ، ئەلى سۇلتان ئاڭلاپ قالمىسۇن ، ئات ئۈستىگە مىنگەندە ئېيت» دەپ ھۆكۈم قىلدى .

بەدرخان ئاتلىنىپ بەستامغا كېلىپ ، «ئەلى سۇلتان ئاز كىشى بىلەن كېلىپ ئەستىرابادتا تۈركمەندىن بارات ئېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ھەربىر نەۋكىرى بىر تۈركمەننىڭ ئىشىكىدە ، سۇلتاننىڭ قېشىدا ھېچ كىشى يوق» دەپ ئاڭلىدى — دە ، ئەستىراباداقا كەلدى . قىزىل باشنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ سۇلتانغا خەۋەر قىلدى . قىزىل باش ئون ئىككى مىڭ كىشى ، سۇلتان ئۈچ مىڭ كىشى ئىدى . خەۋەرنى ئاڭلىغان زامان ئاتلىنىپ گۇرگان دەرياسىنىڭ ياقىسىغا كەلدى . پېقىر ئۇ يەرنى كۆرگەنمەن . ئىككى لېۋى يار بولىدىغان ، قەدىمدە چېپىپ ياسىغان كۆزەرلىرى بولىدىغان . يارنىڭ لېۋىگە لەشكەرنى چۈشۈردى . يار تەرەپكە كىشى چۈشۈرمىدى . قوشۇننى تۆت قات ، بەش قات چۈشۈردى . يار لېۋىدىن بىر چوڭ يول قويدى . قوشنىڭ تېشىدىن ئات يۈگۈرەلمىگۈدەك تۆت ئورەك قازدۇردى . ئاتلارنى ۋە تۆگىلەرنى مەھكەم باغلاتتى . شۇ چاغدا قىزىل باش يېتىپ كەلدى . يەنى ئۇرۇش سالدى . ھەر يەردىن بەش يۈز ۋە مىڭ توپ — توپ بولۇپ چاپتى ، ئۆزبېك پىيادە يۈگۈرۈپ ئوقتا تۇتتۇۋەردى . قىزىل باش تۆت ئورەكتىن ئۆتەلمىدى . ھەرقاچان قىزىل باش ھۇجۇم قىلغاندا ئۆزبېك قارشى يۈگۈرۈپ ، ئۇرۇپ قايتۇردى . ھەرقاچان مىلتىققا تۇتقاندا قوشقا كىرىپ تۆگىنىڭ پاناھىسىدا ئولتۇردى . قىزىل باش ئاجىز بولدى .

ئوقلى خەلقنىڭ بېگى ئەبابېك دېگەن ئادەم بولۇپ ، ئون بېگى ، ياخشى ۋە ئەل ياخشىلىرى بولۇپ ئۈچ يۈز كىشى بىلەن سۇلتاننى كۆرگىلى كەلگەندى . لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈز يەردە ئاتلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى . ئەبابېك سۇلتانغا بېرىپ :

«ئۇرۇشتا تەڭ بولدۇڭلار ، ئۇلار تۇردى ، كەتمىدى . قىزىل باش قاچقاندا قوغلايدىغانغا سىزدە ئات يوق ، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ . ئاتلىنىپ بىر تەرەپتىن ئۇرۇش سالايلى» دېدى . سۇلتان رۇخسەت بەردى . ئەبابېك ئېتىنى مىنىپ دەرۋازا قويغان يەردىن چىقتى . ئەبابېك سۇلتان قېشىدىن رۇخسەت ئېلىپ قايتقاندا ئولتۇرغان خەلق : «بۇنىڭغا نېمىدەپ رۇخسەت بېرىسىز ؟ بىزنى ئاز كۆرۈپ قىزىل باشقا قوشۇشۇلۇشقا كېتىۋاتىدۇ» دېيىشتى .

سۇلتان : «قىزىل باش ئون ئىككى مىڭ كىشى ، ئۈچ يۈزى ئارتۇق بولسۇن ، ئۆزى كەلگەن كىشىگە يامانلىق قىلىش نامەردلەرنىڭ ئىشى ، مەن ئۆزۈمنى خۇداغا تاپشۇردۇم» دېدى .

ئەبابېك ئاتلاندى ، يەنى قىزىل باشنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۇرۇش سالدى . قىزىل باشقا ئاجىز كەلگەندە ئۆزبېككە دالدا بولدى . قىزىل باشنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ئېتىپ چېچىۋەردى ، بەش - ئالتە قېتىم شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئۇرۇش بىر يەرگە باردى . ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسى توشمۇ - تۇش ھۇجۇم قىلدى .

ئەبابېك قىزىل باشنىڭ ئارقىسىدا ئايلاندى . ئۆزبېك يۈرۈپ ئۇرۇشا - ئۇرۇشا سەپكە يەتتى ، ئەبابېك ئارقىسىدىن ، ئۆزبېك پىيادە ئالدىدىن «ئاللاھ ، ئاللاھ» دەپ قىزىل باش لەشكەرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى . قىزىل باش تەڭ تۇرالماي قاچتى . غالىپلار تۆگە ۋە قوشنى پىيادە ئالدى . ئاندىن قىزىل باشنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى . كۆنپاتقىچە قوغلىدى . قىزىل باشتىن بەدرخان باشلىق ئازكىشى قۇتۇلدى . سۇلتاننىڭ مىراخورى ئېيتار ئىكەندۇق : «سۇلتانغا كەلگەن ئاتنىڭ توققۇزىدىن بىرنى ئالاتتىم . مەن يەتتە يۈز ئات ئالدىم . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلجىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىڭ» .

ئەلى سولتان بۇ ۋەقەدىن ئون بەش ، ئون ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرگەنچتىن كۆزنىڭ بېشىدا ئاتلاندى . خۇراساننىڭ خوجەند جۇلكىسىغا بېرىپ قىشلىدى . باھار بىلەن ئاتلىنىپ ئىراقنى چاپاي ، شاھ تەھماسىب كەلسە ئۇرۇشاي ، دېگەن نىيەتتە شۇنداق قىلغانىدى .

ئۇلۇغ چىللىنىڭ ئىچىدە ئىككى يېرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆيدۈرگۈ چىقتى . بۇنى كىشىگە ئېيتمىدى . كۆيدۈرگىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن يىقىلدى . باشقىلار كۆرەيلى ، دېسە كۆرسەتمىدى . چۈنكى ھاياسى شۇنداق كۈچلۈك ئىدىكى ، تەھارەت قىلغانىنى ھېچ كىشى كۆرگەن ئەمەس . ئاخىر خەلق : «تونىڭىزنى كېسىپ كۆرەيلى» دېگەنىدى ، ئۇنىڭغىمۇ رازى بولمىدى . زورلۇق بىلەن تونىنى چاك قىلدى . كۆيدۈرگىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ، داغلىدى ، پايدا قىلمىدى . ھەق رەھمىتىگە كەتتى ، بۇ تارىخ ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز يەتمىش ئالتىنچى كالا يىلى كالا بولۇپ ، ئۇ (مىلادى 1568-1569 - يىللار . ت ) يىلى . قىرىق ياشتا ئىدى .

## ئەلى سۇلتاننىڭ سۈپىتى

ئەلى سۇلتان ياخشى كىشى ئىدى . ھاجىمخان : «يادگارخان زامانىسىدىن تاكى بۇ چاققىچە ئەلىدەك كىشى تۇغۇلغان ئەمەس . نىيىتى دۇرۇس ، ياۋغا باھادىر ، مەرد ، سەرەمجانلىق ، نەۋكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ياخشى قارايدىغان ، ئادىل سىياسەتلىك ، بوينى قاتتىق ، بەك ھايالىق ئىدى» دەيتتى . ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندا ئاتالىقى ئاتاباي دېگەن كىشى جېنى بارمىكىن ، يوقمىكىن ، دەپ قولىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ پۇتىنى تۇتۇپتۇ . ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشى كۆزىنى ئېچىپ : «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئابرۇيۇم ۋە ھايايىمنى كەتكۈزدىڭلار» دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇراسانغا ئاتلىنىپ كېتىۋاتقاندا تۇغچىنىڭ ئېتى يوقىلىپتۇ . لەشكەر كۆچكەندە ئىنىسى ئېتىنى ئىزدەش ئۈچۈن يۇرتقا قايتىپ بارغاندا بىر قوشتا قوچقارنىڭ كاللىسى ياتقان ئىكەندۇق . ئۇنى ئېلىپ يېنىغا باغلاپ قايتىپ لەشكەرگە كەلگەندە بىر كىشى تونۇپ ، دەرھال قىلىپ سۇلتانغا يۈكۈنۈپتۇ . ئۇ كىشى يۇرتتىن تاپتىم ، دەپتۇ . قوچقار ئىگىسى قوشۇمدىن ئالدى ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ . سۇلتان ئىنىسىنى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ .

بىر قېتىم سۇلتان ئاتلىنىپ پالىزنىڭ كانارىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر چېھرە (شەھەرلىك ) ئاتتىن چۈشۈپ ئىككى قوغۇن ئېلىپتۇ . قوغۇن ئىگىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلتانغا ئەرز قىلىپتۇ ، سۇلتان شۇ يەردە تۇرۇپ چېھرەنى كەلتۈرۈپ بىر چوڭ ياغاچنى كۆمدۈرۈپ ، چېھرەنى ئاستۇرۇپ ، جېنى چىققاندىن كېيىن كېتىپتۇ .

سۇلتاننىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى ئىسكەندەر ، كىچىكىنىڭ ئېتى سەنجەر ئىدى .

ئىسكەندەر ئاتىسىدىن ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلدى . سەنجەر دىۋانە ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ نايمان قۇلمۇھەممەد بىي ئىشلىگەن ئىگەمنىڭ ئوغلىتتى دەپ نىسايدا پادىشاھ قىلدى . سۇلتاننى سەككىز كۈندە بىر كۆرۈنۈشكە چىقىراتتى . باشقىلار ئەھۋالىنى بىلمە-سۇن دەپ ، شۇنداق قىلاتتى . گاھ ئۆزى سۇلتاننىڭ يېنىغا كىرىپ قايتىپ چىقىپ ، سۇلتان مۇنداق دېدى ، ئۇنداق دېدى ، دەيتتى . گاھ سۇلتاننىڭ ھەرەملىرىنىڭ بىرىگە ئۆگىتەتتى . ئۇ قۇلمۇھەممەدبىي ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرغاندا كېلىپ : «ئاتابېك سۇلتان سىزگە بىرنەچچە خىزمەت ئەۋەتتى . بۇنى بېگ پەرۋانە بولۇپ يەتكۈزسۇن ، مەسىد-لەن ، پالانىغا مىڭ تەڭگە ، خۇدايقۇلغا بەش مىڭ تەڭگە ، ئىنئام قىلدى .ئاللا قۇلىنى شاھقا ئەلچىلىككە بارسۇن ، دېدى ، ئۇ سوۋغىلارنى تەييارلىسۇن ، نېمە كەم بولسا خەزىنىدە بولسا ئېلىپ بەرسۇن ، خەزىنىدە بولمىغانلىرىنى باشقا يەردىن ئېلىپ بېرىپ قىممەتلىرىنى دېۋانلاردىن ھاۋالە قىلسۇن ، پالانى ئەمەلنى خۇداي نەزەرگە بەرسۇن دېدى» دەيتتى . قۇلمۇھەممەد بىينىڭ سەنجەر سۇلتاننىڭ ھەققىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ قايسى بىرىنى ئېيتايلى ، باشقىلىرىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىڭلار .

يىگىرمە بەش يىل شۇ رەۋىشتە سەنجەرنى پادىشاھ قىلىپ ئولتۇردى . ئاندىن كېيىن سەنجەر ئۆلدى . نەسلى قالمىدى .

## ھاجى مۇھەممەدخان باشلىق ئەقەتايخاننىڭ ئوغلانلىرىنىڭ زىكرى

ئەقەتايخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسى ھاجى مۇھەممەدخان ، ئىككىنچىسى مەھمۇد سۇلتان ، ئۈچىنچىسى پولاد سۇلتان ، تۆتىنچىسى تېمۇر سۇلتان ، بەشىنچىسى ئاللا قۇلى سۇلتان ، ئالتىنچىسى سۇلايمان سۇلتان ئىدى .

ئاللا قۇلى يىگىرمە ئىككى يېشىدا ئۆلدى . سۇلايمان ئون سەككىز يېشىدا ئۆلدى . مەھمۇد سۇلتان قىرىق يېشىدا ئۆلدى . ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى قالدى . بىرىنچىسى مۇھەممەد ، ئىككىنچىسى ئەمىن ، ئۈچىنچىسى ئەلى ، تۆتىنچىسى مۇھەممەد ئەمىن ، بەشىنچىسى ئە-رەب ، ئالتىنچىسى ئاقبابا . ئەمىن بىلەن مۇھەممەد ئاتىسىدىن كېيىن ئۆلدى .

قالغان تۆتىسىدىن يەنە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى شاھ ئەلى ، كىچىكىنىڭ ئېتى شاھ بەخت . بۇ ئىككىسىنى ۋە تۆت ئوغۇلدىن بولغان ئۈچ ، تۆت ياش ئوغلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەبدۇللاخان شېھىت قىلدى . ئەلى سۇلتان ۋە ئەرەب سۇلتاننىڭ ئاياللىرى ھامىلدار ئىدى . بۇ ئىككى ئايالغا كىشى تەيىن قىلىپ ساقلاتتى ، بىرى قىز تۇغدى ، ئۇنى قويۇپ بەردى . يەنە بىرى ئوغۇل تۇغدى ، شۇ كۈنىلا ئۆلتۈردى .

تېمۇر سۇلتان قىرىق يېشىدا ئۆلدى . ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسى مۇھەممەد سۇلتان ، ئىككىنىسچى قادىر بەردى ، ئۈچىنچىسى ئەبۇلخەير سۇلتان ، بۇ ئۈچىسىنىمۇ ئەبدۇللاخان ئۆلتۈردى .

پولاد سۇلتاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسى بابا سۇلتان ، ئىككىنىسچى ھەمزە سۇلتان ، ئۈچىنچىسى قوپچى سۇلتان ، تۆتىنچىسى پەھلىۋانقۇلى سۇلتان . پولاد سۇلتاننى ئۈچ ئوغلى بىلەن ئەبدۇللاخان شېھىت قىلدى . پەھلىۋانقۇلى سۇلتان ئاتىسىدىن بەش يىلدىن كېيىن ئەجىلى يېتىپ ئۆلدى .

## پولاد سۇلتاننىڭ سۈپىتى

پولاد سۇلتان ئەقىلسىز ، غەيرەتسىز ، تەنتەك كىشى ئىدى . بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭدىن كۆپ نېمىلەرنى نەقىل قىلىشاتتى . ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى خەلق ئىچىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتمىسۇن . ئۈچ ، تۆت نەقىل كەلتۈرەيلى .

ئۇنىڭ ئىككى ئادىتى بار ئىدى . بىرى سۆزلىگىنىدە بىر سۆزنى ئېيتاتتى ، يەنى «شەلف رو» دەيتتى . يەنە بىر ئادىتى ئىككى كىچىك بارمىقىنى يۇمۇپ ، ئوتتۇرا بارمىقىنى باش بارماقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ئىككى كىچىك بارمىقىغا ئۇرۇپ ، شىرىق - شىرىق قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى . تۈرلۈك مەسخىرىلەرنى قىلاتتى . ئىككى قولىنى شۇنداق قىلىپ «شەلف رو» دەيتتى .

بىر قېتىم «خۇراسانغا كارۋان كېتىۋاتامدۇ ؟» دەپ سورىدى . «كارۋان كېچە - كۈندۈز كېتىۋاتىدۇ» دېيىشتى . بىر كىشىگە : «بار ! كارۋاننىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەل» دەپ ھۆكۈم قىلدى .ئۇ كىشى ساغچە قۇدۇقىدا كارۋان كەينىدىن يېتىشتى . كارۋانلارنى قايتۇرۇپ خېۋەقكە ئېلىپ كەلدى . ئۇ مۇسۇلمانلار كۆڭلىدە : «سۇلتان خۇراسان بىلەن ياۋ بولغان ئوخشايدۇ . ئۇنداق بولمىسا ، بىرسىمىزنىلا قايتۇرۇپ كېلەتتى» دەپ ئويلاپ قالدى . كارۋان خەلقىنىڭ ھەممىسىنى سۇلتان ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . سۇلتان ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قاراپ ، قوللىرىنى شىرىق - شىرىق قىلىپ «ماڭا بىر يەتتە ، يەتتە پاكى شەلف رو» دەپ تۆت ، بەش قېتىم قايتىلىدى . كارۋان خەلق چۈشەنمىدى . سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى «ماڭا بىر پاكى كەلتۈر ، باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس دەيدۇ ، بېرىپ كېتىڭلار» دېدى .

ئابدۇللاخان ئۈرگەنچ يۇرتىغا كەلدى . دەسلەپ كەلگەندە ئالالماي ، يانگى ئېرىقتىن قايتىپ كەتتى . ئابدۇللاخان يانگى ئېرىقتا تۇرغاندا ياش يىگىتلەردىن بەش يۈز كىشى «قاراپ تۇرمايلى ، بۇگۈن ياۋنىڭ قاراۋۇلى بىلەن سوقۇشايلى» دەپ كېتىۋاتاتتى . پولاد

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇلتان : «مەنمۇ بارىمەن» ، دەپ ئاتلىنىپتۇ . ئىنىسى تېمۇر سۇلتان «ياش ئوغلانلارغا قوشۇلۇپ نەگە بارىسەن ؟» دەپ توسۇپتۇ ، ھەممە بەگلەرمۇ توسۇپتۇ ، ئۇنىماي كېتىپتۇ . ئۇلار بېرىپ قاراۋۇللار بىلەن ئۇرۇشۇپ غالىب كەپتۇ . ئۇرۇش قىزىغاندىن كېيىن قايتىشنى ئۇنتۇپتۇ . ياۋنىڭ يارىدەمچىلىرى كۆپلەپ كېلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قايتىپ قېچىپتۇ . پولاد سۇلتان ھەممىسىدىن بالدۇر قېچىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ، خېۋەق دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ غۇلچىنى كېرىپ : «كەلگىنىڭ بولسا كەل ! شەھەرگە ئەمدى قانداق كىرىسەنكىن ؟» دەپ ۋارقىراپتىمىش .

ئۇنىڭ ئۈچ ئايالى بار ئىكەندۇق . بىرىنچىسىنىڭ ئېتى ئەزىزخانىم . ئۇ ئەلبارسخاننىڭ نەۋرىسى ئىكەن ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ . ئاندىن ئاياللىرىغا : «بۈگۈن ياۋ بىلەن مۇنداق ئۇرۇشتۇم ، ئۇنداق ئۇرۇشتۇم ، ئەمدى سەھەردىن كېيىن مۇنداق قىلىمەن ، ئۇنداق قىلىمەن» دەپ ماختىنىپتۇ . ئەزىزخانىم بۇ سۆزلەرگە باشقا ئاياللاردىن نومۇس قىلىپ سۇلتانغا : «قويۇڭ ئەمدى» دەپتۇ . سۇلتاننىڭ قەھرى كېلىپ تىللاپتۇ . خانىم جاۋاب بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن «پوق يېمە ، مېكىجىن» دەپتۇ . خانىم : «مېكىجىننىڭ ئېرى قاۋان بولىدۇ» دەپتۇ . ئاندىن خانىم چۇمبىلىنى كۆتۈرۈپ شىلتىغان ئىكەن ، تۇرۇپ قاچىمەن دەپ ئېگىز سۇپىدىن يىقىلىپ پىنجىكى پارە – پارە بولۇپتۇ . مۇشۇنچىلىك ئېيتتۇق ، يېتەر .

## تېمۇر سۇلتاننىڭ سۈپىتى

ئەقلى ئاز ، سۆزى مەنىلىك ، ياخشى ئىش قىلىدىغان ، ياۋغا باھادىر ، ئادىل ، تائۆلگۈچە كىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ئاش يېمىگەن كىشى ئىدى . بىر قېتىم ھەزارەسىپتىن ئاكىسىنى كۆرگىلى خېۋەققە كەپتۇ . پولاد سۇلتاننىڭ ئاتالىقى ئۇيغۇر ئىندىباي دېگەن كىشى ئىكەن . ئۇ پولاد سۇلتاننىڭ ئاغزى ، تىلى ۋە تۆرىسى ئىكەندۇق . ئۇ ئىندىباي ئۆيىدە ئاش ، سوۋغىلارنى تەييارلاپ ، تېمۇر سۇلتان ئۆيىدە ئاكىسى پولادنى كۆرۈپ قايتقاندا ، سۇلتاننىڭ ئالدىغا چىقىپ بىر تار كوچىدا يۈكۈنۈپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ . سۇلتان ئات ئۈستىدە پەقەت جاۋاب بەرمەي ئولتۇرۇپتۇ . ئىندىباي : «مېھنەت قىلغان بىر قېرى قۇلۇڭمەن ، بۇ چاققىچە كىشى ئۆيىگە چۈشمىگىنىڭىزنى بىلىمەن ، مېنى باشقا خەلقتىن ئارتۇق بىلەر ، دېگەن ئۈمىدىم بار . يىراق - يېقىندىكىلەر تېمۇر سۇلتان ھېچ كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشمەس ئىدى . ئىندىباينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئېشىنى يېدى ، دەپ ئالسۇن» دەپتۇ .

قىش كۈنلىرى ئىكەندۇق ، سۇلتاننىڭ ئۈستىدە زەرباپ تاشلىق ، ئالتۇن تۈگمىلىك قىشلىق ئىگىن بار ئىكەندۇق . ئۇنى يېشىپ رەقىبدارىغا ئىشارەت قىلىپتۇ . ئۇ ئېلىپ ئىندىبايغا بېرىپتۇ . سۇلتان ئېتىنى قامچىلاپ يۈرۈۋېرىپتۇ .

سۇلتان شۇنداق دەيدىكەندۇق : «ئون بەش يېشىمغا يەتكەندە ، بىركۈنى بەش - ئون يىگىت بىلەن ئاتلىنىپ ۋەزىرنىڭ ئۇر دەرۋازىسىدىن چىقىپ سەيلى قىلىپ يۈرەتتىم . بىر ئاۋۇلغا كەلدىم . بىرسى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى : ئۇ كىشىنى ئېسىمگە ئالالماي ئۆيىگە

چۈشتۈم . بىر قوي سويۇپ كەلتۈردى . ئۇنىڭ ئۆچىسىنى ئاتامغا ئېلىپ كەلدىم ، ئاتام : «بۇ نېمە گۆش ؟» دەپ سورىدى . مەن بىلەن بىرگە بارغانلار : «سۇلتان سەيلىگە چىققاندا . بىر باي تەكلىپ قىلىپ بىر قوي سويغانىدى . شۇنىڭ ئۆچىسى» دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئاتام : «قامچا ئېلىپ كەل» دېدى . ئاندىن : «مېنىڭ يېشىم ئەللىككە يېتىپ ھازىرغىچە كىشى ئۆيىگە چۈشمەيمەن ، سەن ئون بەشكە يەتمەي كىشى ئۆيىگە چۈشۈپ قوي يېسەڭ ، يىگىرمىگە يەتكەندىن كېيىن ئات يەيسەن ، سەندىن نېمە كۆرسە ، نەۋكەرلىرىڭمۇ شۇنى قىلىدۇ» دېدى . ئاندىن باشقىلارغا تۇتتۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن يۈز قامچا ئۇردى . يۈزۈمدىن قان ئاقتى . ئاق تونۇم قان بولدى . ئاندىن كېيىن قايتىپ كۆرۈنۈشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتىم ، چوڭ ئاغىمىز ھاجى مۇھەممەدخان ئۇچراپ : «ئامانمۇ سەن تېمۇر ، بۇ نېمە ھال» دېدى . ۋەقەنى بايان قىلدىم . «خوپ قىلىپتۇ ، ئاتاڭ ياخشى قىلىپتۇ ، يۈزىڭدىكى قاننى يۇما ، بۇ ئاق تونىڭنى سېلىپ تاشلىما ، ئەتە سەھەر كېلىپ ئاتاڭنى كۆر» دېدى . مەن شۇنداق قىلدىم . ئاتام ئاۋۋال نەسىھەت قىلدى . كېيىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى . ئاندىن تۈركمەننىڭ تۆگىچىدە ئۇرۇقىنى سېنىڭ ئەنچىڭ بولسۇن دەپ بەردى . ئۇ چاغدا تۆگىچى بەش - ئالتە مىڭ ئۆيلۈك ئىدى . شۇ كۈنى خۇدايىتائالانى گۇۋاھ قىلىپ : «مەن ئۆلگۈچە كىشى ئۆيىگە چۈشمەيمەن ، ئەگەر بىلسەم نەۋكەرلىرىمنىمۇ چۈشۈرمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم .

## مەھمۇد سۇلتاننىڭ سۈپىتى

ھاجىمخان بىلەن ئانىسى بىر ئىدى . ئەقىللىق ، قىلىقلىق ، سەرەمجانلىق ، دۇنياللىققا قولى قاتتىق ، موللىلارنىڭ ، دەرۋىشلەرنىڭ ۋە شەيخلەرنىڭ سۆھبىتىگە مايىل ، ھەمىشە مەسىلە سورايدىغان ، ماشايىخلارنىڭ نەقىللىرىگە قۇلاق سالىدىغان ، ھېسابدان ، رەئىيەتتىن ئالىدىغان ، نەۋكەرلىرىگە بېرىدىغان ، مالنىڭ ھەممىسىنى يادىدا ساقلاپ بىلىپ تۇرىدىغان ، ئوقۇمىغان بولسىمۇ كۈن ، ئاي ، يىلنىڭ ھېسابىنى ، ئون ئىككى بۇرج ھېسابىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغان كىشى ئىكەندۇق .

## ھاجىمخاننىڭ زىكرى

ئەمنەكخاننىڭ ئوغلانلىرى ئارقىدىن ئۇرگەنچكە كەلگەندە ئەقەتايخان ساداق باغلاپ كەلگەن يىگىت ئىكەندۇق . كەلگەندىن كېيىن تۈركمەننىڭ رەئىيەتچىلىك (بېقىنغان ) قوبۇل قىلىغىنىغا دەخلى قىلماي ، قوبۇل قىلمىغىنىنى چاپاتتىكەندۇق . ئەقەتايخان بېرىپ كۆكلەڭ ئېلىنى چېپىپتۇ . ئۇ يەردە كۆزى چەقىرلار دېگەن ئۇرۇقنىڭ ئون بېگىنىڭ قىزىغا چۈشۈپتۇ . ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەقەتايخان نىكاھ قىلىپ ئېلىپتۇ . خاننىڭ ئۇ خوتۇنىدىن ئوغلانى كۆپ بولۇپتۇ . تۇرغىنى ھاجى مۇھەممەدخان ۋە مەھمۇد سۇلتان ئىكەن . ئۈچ قىزنى ئۆزىتىپتۇ . تارىخ ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇزىنچى يىلى (مىلادى 1523 — 1524 - يىللار . ت ) بېلىق يىلىدا دۇنياغا كەپتۇ . قىلغان ئۈچ ئىشنى

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ئېيتتۇق ، بۇ يەردىمۇ ئېيتايلى ، ئۇبەيدخان ئۇرگەنچنى ئېلىپ ئەلىنى ماۋەرائۇننەھرگە ئەۋەتكەندە ، ئۆزىنى كىشىگە بىلدۈرمەي سوغۇقتىن قېچىپ دۇرۇندا دىنمۇھەمـمەدخان يېنىغا بېرىپ ، ئاتلىنىپ يۇرت تەلەپ قىلىش كېرەك دەپ كېڭەش بېرىپ ، دىنمۇھەممەدخاننى باشلاپ كېلىپ خېۋەق بىلەن ھەزارەسپ ئارىسىدا ئۇبەيدخان بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ يېڭىلىشىگە سەۋەب بولغان ھاجىمخانىدى .

ئۇبەيدخاننىڭ بەگلىرىنى ئۆلتۈرمەي ئۇبەيدخان ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، ئاتىسىنىڭ ئاغىسى قالخان ۋە ئاتىسى ئەقەتايخاننى ئۇرگەنچ ئۆزبېكىدىن بىر ئۆيلۈك قويماي ھەممىسىنى كۆچۈرۈپ كەلتۈرۈپ ، بۇزۇلغان ئۇرگەنچنى تۈزۈتۈپ ، يۇرت قىلغان ھاجىمخانىدى .

ئاتىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، خۇراساننىڭ باغاباد دېگەن ۋىلايىتىدىن ئۇرگەنچكە كېلىپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى قاسىم سۇلتاننى ئۆلتۈرگەن ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئۇچ ئايغا قويمىغان ھاجىمخانىدى .

ئۇرگەنچتە ئەش سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ ، خېۋەقتە دوست سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ ، ئاق كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئەلى سۇلتان ، ئۇچ بۇرجىكىنى ئىنىسى تۇتۇپ ھاجىمخاننى ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئوتتۇز توققۇز يېشىغا يەتكەندە تارىخ ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1561 ـ 1562 ـ يىللار ـ ت ) ئات يىلىدا ئۇرگەنچ ۋىلايىتىدە خان قىلىپ كۆتۈردى .

## ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ خان بولغانلىقىدىن تاكى ۋاپانىغىچە

ھاجى مۇھەممەدخاننى خان قىلىپ كۆتۈرگەندىن كېيىن توققۇز يىل ئۆتۈپ ئەلى سۇلتان ئۆلدى . ھاجى مۇھەممەدخان ئۇرگەنچنى ئالدى . مەھمۇد سۇلتانغا ۋەزىرنى بەردى . بۇ ۋەقەدىن بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئەبدۇللاخان لەشكەر تارتىپ ئۇرگەنچ ئۈستىگە كەلدى . ئۇ چاغدا ھاجى مۇھەممەدخان خۇراسانغا بارغانىدى . پولاد سۇلتان خېۋەقتە ، تېمۇر سۇلتان ھەزارەسپدە ئىدى . «ئاتلاندى» دەپ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن تېمۇر سۇلتان كۆچۈپ خېۋەقكە كەلدى . ھەزارەسپنىڭ ئۆزبېك ۋە سارتىنى ، قۇبەتېغىدىن يۇقىرى ئولتۇرغان ئۆزبېك ۋە سارتنىڭ ھەممىسىنى خېۋەقكە كەلتۈردى . دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چوڭ ئورا كولاتتى . ئۇرگەنچ خەلقى ئۇرگەنچتە ، ۋەزىر خەلقى ۋەزىردە قامالدى . سەھرادا ئولتۇرغان ئۆزبېكلەر مىڭ ، ئىككى مىڭ ئۆيلۈكى بىر بولۇپ مۇستەھكەم يەرلەرگە چىقىۋالدى . ھەر كۈنى ھاجى مۇھەممەدخانغا بىر كىشى ئەۋەتىپ تۇردى .

ئەبدۇللاخان قۇلەنچگە كەلدى . قاراۋۇللىرى يېڭى ئېرىقتا تۇراتتى . ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن ھاجى مۇھەممەدخان كېلىدۇ ، دەپ خۇراساندىن كىشى كەلدى . بۇنى ئاڭلاپ راست ، يالغانلىقىنى بىلەلمىدى . ئاندىن ئەللىك كىشىنى : «نەۋخەستىكە بېرىڭلار ، ئاندىن قۇم قەلئەگە بېرىڭلار ، ئاندىن ئېسەم مەھمۇد ئاتىغا بېرىڭلار ، شۇ يەردە تۇرۇڭلار ، ئەگەر ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ كېلىۋاتقانلىقى راست بولسا ، چىرىكتىن قايتقان كىشى ئۇچرايدۇ . ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى . ئۇ كىشىلەر ئېسەم مەھمۇد ئاتىغا بېرىشتى . كاتىنىڭ

چىغاتايلىرىدىن ئالتە كىشى يولۇقتى . ئۇلارنى تۇتۇپ ئەبدۇللاخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . خان خەۋەرنى سورىدى . كاتلىقلار : «ھاجى مۇھەممەدخان ئىنسايدا ئىدى . سىزنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىڭىز باردى . شۇكۈنى ئاتلاندى ، كېلىۋاتىدۇ . خاندىن پېشگاھتا ئايرىلدۇق . تۈنۈگۈن خان ئۈرگەنچكە بېرىپ چۈشتى» دېدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەبدۇللاخان پولاد سۇلتان بىلەن تېمۇر سۇلتانغا يارىشايلى ، دەپ كىشى ئەۋەتتى . بۇلارمۇ قوبۇل قىلدى . بۈگۈندىن ئېتىبارەن بىر ـ بىرىمىزگە يامانلىق قىلمايلى ، دېدى . ئاندىن قايتىپ بۇخاراغا يۈرۈپ كەتتى .

## ئەبدۇللاخانىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كەلگەنلىكىنىڭ زىكرى

ئۇنىڭ بۇ قېتىم كېلىشكە ئۈچ نەرسە سەۋەب بولدى .

بىرى ، ئەبدۇللاخانىنىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ رۇم پادىشاھى پەيالە دېگەننى ئەلچى قىلىپ : «مەن بۇ تەرەپتىن بولۇشاي ، ئەبدۇللاخان ئۇ تەرەپتىن بولۇشسۇن ، يەنى شەيخ ئوغلىنى ئوتتۇرا يەردىن كۆتۈرەيلى» دەپ ئەۋەتتى . ئەبدۇللاخان پەيالەنى ياخشى تارتۇقلاپ قايتۇردى . كەلگەندە ھىندىستان يولى بىلەن ئۈچ يىلدا كەلگەنىدى . پەيالە : «بۇ يەردىن ئۈرگەنچكە باراي ، ئاندىن تۈركمەنگە بېرىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ شىرۋانغا بارسام ، ئىستانبۇل بۇ يولدىن تۆت ئايلىق يەر» دېدى . پەيالە ئۈرگەنچكە كەلدى . ھاجى مۇھەممەدخانىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلتان ھەممە مېلىنى ئېلىۋالدى . رۇمغا يەتكۈدەك خەرج بېرىپ يەنى مەنقىشلاققا ئەۋەتىپ ، شىرۋان كېمىسىگە سېلىپ يولغا سالدى . ئەدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ يامان ئاغرىندى . يەنى ئۇچاغدا شىرۋان رۇملىقلار قولىدا ئىدى . ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھاجىلىرى ۋە سودىگەرلىرى قىزىل باش يۈزىنى كۆرمەيلى ، دەپ ئۈرگەنچ ئۈستى بىلەن مەنقىشلاققا بېرىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ شىرۋانغا بېرىشاتتى .

ئەبدۇللاخان ئۈرگەنچكە كەلمەستىن بىر يىل بۇرۇن ھاجى قوتەس دېگەن كىشى كۆپ ھاجىلارغا ، كارۋانلارغا باش بولۇپ خىۋەقكە كەلدى . پولاد سۇلتانىنىڭ چوڭ ئوغلى بابا سۇلتان ئۇلارنىڭ ھەممە ماللىرىنى ئېلىۋالدى . ئاندىن ئۇلارنى بۇخاراغا پىيادە قوغلىۋەتتى .

ھاجى قوتەس ئەبدۇللاخان ئاتلانغاندا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئەرز قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەبدۇللاخان : « ھاجى مۇھەممەد مەندەك پادىشاھ ، ئۈرگەنچ باشقا يۇرت ، ئۇلار مېنىڭ نۆكىرىم ئەمەس» دېدى . ھاجى قوتەس : «تاڭلا تەڭرى قازى بولۇپ ، پەيغەمبەر شاپائەتچى بولغاندا سېنى تۇتۇپ يۈكۈنۈپ خۇدايىم ، ھاجى مۇھەممەدنىڭ كۈچى ئەبدۇللاخانىنىڭ بىر نۆكىرىدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى . ئەبدۇللاخانىنىڭ كۈچى يېتەتتى ، ئېرىندى ، يەنى بېرىپ مېنىڭ ھەققىمنى ئېلىپ بەرمىدى دەيمەن» دېدى . خان : «ھاجى ، يامان يەردىن تۇتتۇڭ . خوپ ، خوپ ، قولىمىزدىن كەلسە قىلىلى» دېدى .

يەنە بىر سەۋەب شۇكى ، ئەۋەنىشخانىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى . ئەبۇلخانىڭ لۆلىدىن تۇغۇلغان بىر نامەلۇم ئوغلى قالدى . مەرۋ بىلەن ئابىۋەرد ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى . ھاجى مۇھەممەدنىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئوغلانلىرى ھەرىيلى مەرۋنى چېپىپ «مەرۋدىكى بۇ لۆلە

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەچچە» دەپ كۆپ ئازار بەردى .
يەنە بىر سەۋەپ :نۇرۇمخان ئازارغا چىدىماي ئەبدۇللاخانغا كەتتى . «خۇتبىنى ھاجى مۇھەممەدخان نامىغا ئوقۇماي ، ئەبدۇللاخان نامىغا ئوقۇسام مەرۋنى ماڭا بېرەر ، قايتا ئەۋەتەر » دېگەن خىيال بىلەن ئەبدۇللاخاننىڭ يېنىغا بارغانىدى . ئەبدۇللاخاننىڭ ئوغلى ئەبدۇلمۆمىنخان دىنمۇ ھەممەدنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغانىدى .
نۇرۇمخان بېرىپ ئەبدۇللاخاننى كۆرگەندىن كېيىن ئەبدۇللاخان ئاتلىنىپ مەرۋگە كەلدى . مەرۋنىڭ ئۆزبېكنى بۇخاراغا سۈرۈشكە كىشى ئەۋەتىپ ، مەرۋگە ئىگە بولدى . نۇرۇمخاننى شاراب خۇمار قىلدى . كەيپىياتىنىڭ غەلىتە خىيالى مەلۇم بولدى . بىر كېچىسى يىگىرمە ، ئوتتۇز كىشى بىلەن قېچىپ ئۈرگەنچتىكى ھاجى مۇھەممەدخان يېنىغا كەلدى . ئۇ كەلگەندە ئەدۇللاخان مەرۋ ، ئابىۋەرد ، نىساي ، باغابادنى ئالدى . دۇرۇندا ھاجى مۇھەمـ ـمەدنىڭ ئوغلى ئەرەب مۇھەممەد سۇلتان بار ئىدى . دۇرۇندىن ئۆزگە ھاجى مۇھەممەدخان قولىدا خۇراساندىن باشقا ۋىلايەت قالمىدى . ئەدۇللاخان قايتىپ بۇخارادا قىشلىدى . ئۈر- گەنچ ئۆز بېكلىرىنىڭ ئاغزى ئالتە بولدى . بېرىمى ئەبدۇللاخان كەلسە ئۇرۇشايلى ، دېدى . بېرىمى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشىمىز ، ئەبدۇللاخان كەلسە بۇزۇلۇپ بارىمىز ، يەنى ياخشىلىرد- ـمىز بەگ ، يامانلىرىمىز نۆكەر بولىمىز ، دېيىشتى . ھاجى مۇھەممەدخان ئەلنىڭ ئۇرۇشماي- دىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىبراھىم ئاتلىق ئوغلىنى ئۈرگەنچتە قويدى . سېۋىنچ مۇھەممەد ئاتلىق ئوغلىنى ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ، مۇھەممەد ئىبراھىمنىڭ بىر ئوغلىنى ۋە ئوزبېگە تەئەللۇق نۆۋكەرلىرىنى ئالدى . «دۇرۇنغا ئەرەب مۇھەممەد سۇلتان يېنىغا بارىمەن ، يەنە باھار بىلەن نىسايىنى ئالىمەن» دەپ ئۇلۇغ چىللىنىڭ ئىچىدە ئۈرگەنچتىن چىقىپ كەتتى . شۇ چاغدا ھەزارەسىدە تېمۇر سۇلتاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . خېۋەقتە پولاد سۇلتان تۆت ئوغلى بىلەن ئىدى . ئۈرگەنچتە ھاجى مۇھەممەدخان ئوغلى مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلتان بارئىدى . ۋەزىردە مەھمۇد سۇلتاننىڭ تۆت ئوغلى ۋە ئىككى ساداق باغلىغان نەۋرىسى بار ئىدى . كىچىك چىللە بولغاندىن كېيىن ئەبدۇللاخان كېلىدۇ . دېگەن گەپ بولدى . خېۋەقتىن ئون ، ھەزارەسىپتىن ئون كىشىنى دارۇغەن ئاتاغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى . ھۇتنىڭ دەسلەپكى كۈنى باشقىسىنى ئالدۇرۇپ ، ئۈچ قاراۋۇل قېچىپ كەلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھەممەد سۇلتان «ئەبدۇللاخان بۇنىڭدىن بۇرۇن كەلگەندە ئاتام ھەزارەسىپنى تاشلاپ خېۋەقكە ئۆيى ، ئېلى بىلەن كۆچۈپ كەتكەن» دېدى .
ئاندىن «خېۋەقتە ئۇلۇغ يىغى بولغانىدى ،ئەبدۇللاخان تۇرالماي قايتىپ كەتتى . ھېلد- ھەم شۇنداق قىلىش كېرەك» دەپ خېۋەقكە كۆچتى .
تامامى ئۆزبېكلەر سۇلتان بىلەن كۆچۈپ خېۋەقكە كەلدى . ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەي ھەزرەت پەھلىۋاننىڭ مازارلىرىغا بېرىپ «قۇرئان» دىن قەسەم ئىچىشتى . بۇنىڭ بىلەنمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەي ، خېۋەقتە يىغىن قىلىپ بىرلد- شىپ تۇرغىلى بولمايدۇ . ۋەزىرگە بارايلى ، ئاندىن كۆچمىزنى بىر قىلايلى ، يىغىن بىر يەردە بولسۇن ، دەپ ئەتىسى يەنە تۇرۇپ تېمۇر سۇلتاننىڭ ئۈچ ئوغلى ، پولاد سۇلتاننىڭ

تۆت ئوغلى بىلەن ھەممە نۆكەر خەلقى ھارۋا بىلەن تويغا كېتىۋاتقاندەك ناماز ۋاقتىدىن تارتىپ كۆچتى . چۈش قايتقاندا دەرۋازىدىن ھارۋىنىڭ ئاخىرى چىقتى . بورىيالارنى يۆك-لەپ ، توخۇلارنى ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ كېتىشتى . ئىككى مىڭ ئۆيلۈك كۆچنىڭ ئالدى پېشىندا ، ئاخىرىسى ئەل ياتقاندا زەھ ئېرىقنىڭ ئايىغىغا بېرىپ قوندى .

ئەبدۇللاخان سىپاھسالار قىلغان ھاجەمقۇلى ئاتلىق كىشى ئۈچ مىڭ كىشىسى بىلەن ھارۋىنىڭ كەينىدىن كۆچنىڭ قارىسى ئۈزۈلمەيلا خېۋەقە . دەرۋازىسىغا كەلدى . «قالغان ئۆزبېك ياخشى ـ يامان ھەممىسى كەلسۇن ، ئىنئام بېرەيلى ، ياخشىلىرىغا خاندىن سەرھەد ئېلىپ بېرەيلى ، يامانلىرىنى نۆكەر قىلايلى» ، دەپ جارسالدۇردى . خەلق يىغىلىپ باردى . ھەممىسىنىڭ ئېتىنى خەتكە ئالدى . ئاندىن يەنە «سەھەر ئاتلىنىمەن ، خانغا ئۈمىد باغلىغان كىشى ، جېنىدىن ۋە مېلىدىن ئۈمىد قىلغان كىشى مەيلى ئۆزبېك بولسۇن ، مەيلى رەئىيەت (بويسۇنغۇچىلار ، بېقىنغۇچىلار ) بولسۇن ، مەندىن قالمىسۇن» دېدى . كېچە تۇرۇپ ، سەھەر ئاتلىنىپ پولاد سۇلتاننىڭ كەينىدىن كەتتى . ئەمدى پولاد سۇلتاننى ئېيتايلى . كەچ پېشىن ۋاقتىدا خېۋەقتىن ھاجەمقۇلى قوشبېگى كېلىپ شەھەرگە كىردى ، دەپ كىشى باردى .

كۆڭلىگە يامانلىق كەلمىدى . بورىيالارنى ھارۋىغا مەھكەم باغلاپ ، توخۇلارغا دان ، سۇ بېرىش بىلەن بولدى . ئەتىسى كۆچتى . ئۇلۇغ چاشكا بولغاندا ئالما ئاتىشقان قەلئەسىگە باردى . شۇ چاغدا قاراۋۇل ياۋ كەلدى ، دەپ كەلدى . ھارۋىنى بىر يەرگە يىغدى . ئالدىغا سەپ تۈزدى . ياۋ سەپ بولۇپ كەلدى . ئۇرۇش باشلىنىۋەتتى . كىشىنى ھارۋىدىن ، مالدىن چىقىرالمىدى . قاتتىق ئۇرۇشتى ، ئاندىن قاچتى . كۆپ مالغا ئىگە بولدى . بىراق كىشىنى قولغا چۈشۈرەلمىدى . پولاد سۇلتاننىڭ ئوغلى قوپچى (كۆپچى ) سۇلتاننى تىرىك قولغا چۈشۈردى . ئۇنىڭدىن باشقا سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ بىر ئات ، بىر قامچا بىلەن ۋەزىرگە باردى .

ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن ۋەزىر سۇلتانلىرى : «ئەبدۇللاخانغا بىز ھېچ يامانلىق قىلغىنىمىز يوق . ھاجىلارنىڭ ۋە كارۋانلارنىڭ مېلىنى تارتىۋېلىپ يامانلىق قىلغان كىشى بابا سۇلتان . بۇلارنى ئىچىمىزدە ساقلىمايلى» دەپ قوغلىۋەتتى . ئاتىسى پولاد سۇلتان ، ئىككى ئىنىسى ھەمزە ، پەھلىۋانقۇلى تۆتىسى ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ يېنىدىن دۇرۇنغا باردى . مەھمۇد سۇلتاننىڭ تۆت ئوغلى ، ئىككى نەۋرىسى ، تېمۇر سۇلتاننىڭ ئۈچ ئوغلى ئۇرگەنچتىن ھاجى مۇھەممەدخان ئوغلى مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلتان ئۆيى بىلەن كۆچۈپ ۋەزىرگە كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن ئون تۆرە (كىچىكلىرىنى ئېيتمايمەن ) ۋەزىرگە كەلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىگە باش بولۇپ تۇرغان مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئەلى ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . بېلى مېيىپ ئىدى . ئولتۇرغاندا ، ماڭغاندا تون ئىچىدە بىلىنمەيتتى ، ئاتقا مىنسە ئاغرىيت-تى ، يەنى ئاتلىق يۈرەلمەيتتى . ھەممىسىنىڭ تىلى ۋە ئاغزى شۇ .

ئەبدۇللاخان بېرىپ قورشىدى . بىر ئايدىن كېيىن «بابا سۇلتاننىڭ قىلغان ئىشىغا ئاچچىقلىنىپ كەلگەنىدىم . ئۇ بۇ يەردە يوق ، قېرىنداشمەن . سىزلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار يوق . مېنى كېلىپ كۆرۈڭ» دەپ كىشى ئەۋەتتى . سۇلتانلار كېڭەشتى ، يەنى بىر ـ

www.uyghurkitap.com

بىرىگە : «ئەبدۇللاخان بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا قىساس يوق ، ئاداۋەتمۇ يوق ، چۈنكى ھاجى مۇھەممەدخان ئوغلانلىرى بىلەن خۇراساندا تىرىك تۇرغاندا ، بىزگە يامانلىق قىلماس ، بېرىپ كۆرگەن ياخشى» دېيىشتى . ئاندىن كىشى قوشۇپ : «بەگلەر كېلىپ قەسەم ئىچسە ، چىقىپ كۆرەيلى» دەپ ئەۋەتتى .

ئەبدۇللاخان ھەسەنخوجائى نەقىب ۋە ئاتالىقى سەرخىنبىي ، دېۋانبېگى مۇھەممەد باقى ، سەمەرقەند ھاكىمى ھاجىبىي ۋە پەرۋانچىسى دوستىمبىي ئارغۇننى ئەۋەتتى.. بۇ بەشىسى كېلىپ تەختى پول ئۈستىدە ئولتۇردى ـ دە ، ئون سۇلتان ، ئوتتۇز ـ قىرىق قارا كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ قەسەم ئىچىشتى . بەگلەر دەرۋازىغا كەلگەن چاغدا خەلق : «بۇ كەلگەن كىشىلەر ئەلنىڭ بېشى ۋە يۇرتنىڭ مادارى . ئەبدۇللاخان بۇلارنىڭ بىرىنىڭ تىرىنقىنى تامامى ئۈرگەنچكە تېگىشمەيدۇ . تۇتايلى ، ئاندىن بىرگە كەلگەن كىشىلىرىنىڭ قولىغا خەت بېرەيلى ، بىز بۇلارنى دۈشمەنلىك قىلىپ تۇتقىنىمىز يوق ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ساقلايمىز ، ھەر قاچان ئۇلار دۆلەت بىلەن بۇخاراغا بېرىپ چۈشسە ، بىز بۇ بەگلەرنى ئۈزىتايلى» دېيىشتى . ئەلى سۇلتان : «بۇ نېمىدېگىنىڭلار ، ئەبدۇللاخان بىلەن ھېچقاچان ئاغرىشمىغان قېرىندىشىمىز ، ئۈرگەنچنى بىزگە بېرىپ كېتىدۇ . ئەگەر بەرمىسە نەگە ئېلىپ كېتەتتى ؟ ھەرقايسىنىمىزغا ئۈرگەنچ ۋە ۋەزىردىن ئارتۇق يەر بېرىدۇ . ھاجى مۇھەممەدخان ئوغلانلىرى بىلەن تىرىك تۇرغاندا بىزگە يامانلىق قىلىش كۆڭلىدە بولسىمۇ قىلالمەيدۇ» دېدى . بەگلەر خەلقنىڭ سۆزىنى توغرا تاپمىدى ، قەسەم ئىچىپ ئولتۇرغاندا يىگىتلەر سۇلتانلاردىن رۇخسەتسىز بەگلەرنى تۇتايلى ، دەپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى . ئاقساقاللىقلار ئۇلارنى توسۇپ قايتۇرۇۋەتتى . بەگلەرنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ تۆرە ۋە قاراكىشىلەر بېرىپ ئەبدۇللاخاننى كۆردى . تۆرىلەرنى ، دادخاھ ياساۋۇلى سەغىرىچ ھاكىمى ئەشىمبىي دېگەنگە تاپشۇردى . ئۆزبېكلەرنى سىپاھسالار ھاجەمقۇلى قالماققا تاپشۇردى . ھاجەمقۇلى ئۇرۇق ـ ئۇرۇقنى ، ئۆي ، ئۆينى خەتكە ئالدى . ئون ئۆيلۈكنى ۋە يىگىرمە ئۆيلۈكنى بىر دۆلەتمەنگە كېپىللىككە بەردى . يەنە مۇھەسسىل (باجگىر ) قويۇپ سورىدى . ئۈرگەنچ بىلەن ۋەزىرنى سارى ئوغلان دېگەنگە بەردى . خېۋەقنى دورمان مەڭلىشبىيگە بەردى . ھەززارەسبنى ئۆزىگە نۆكەر قىلىپ يۈرگەن بىر ھاجى بار ئىكەندۇق . ھەزارەسبنىڭ كەۋرەك دېگەن كەنتىدىن ، ئۇنىڭغا بەردى . كاتنى ئۈرگەنچلىك تۈركمەننىڭ بايات ئۇرۇقىدىن ئۆزىنىڭ موللا ئىمامى بار ئىكەندۇق . شۇنىڭغا بەردى . تارىخ ھىجرىيىنىڭ بىرمىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1593 ـ 1594 ـ يىللار ـ ت ) يىلان يىلىدا ئۈرگەنچ يۇرتىنى ئېلىپ بۇخاراغا قايتىپ كەتتى .

پولاد سۇلتان ئوغلانلىرى بىلەن دۇرۇندىكى ھاجى مۇھەممەدخان يېنىغا باردى ، ئۇلاردىن بىرئاي كېيىن ئەبدۇللاخان ئۈرگەنچنى ئالدى ، دەپ كىشى باردى . ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى سېۋىنچ مۇھەممەد سۇلتان ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبادۇللا ، يەنە بىر ئوغلى ئەرەب مۇھەممەدخان (مېنىڭ ئاتام بولىدۇ ) . ئۇنىڭ ئوغلى ئەسفەندىيار سۇلتان ، ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ، مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلتاننىڭ ئوغلى ، ھاجى

مۇھەممەدخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى مۇھەممەدقۇلى سۇلتان ھەممىسى ئۈچ ئوغۇل، يۆت نەۋرە، بىر ئوغلى ئەبدۇللاخان بىلەن بۇخاراغا كەتتى.

پولاد سۇلتاننىڭ ئۈچ ئوغلى، دىنمۇھەممەدخاننىڭ نەۋرىسى، ئەبدۇللاخانغا مەرۋنى سوۋغا قىلغان لۆلە، بەچچى بولۇپ ئون بىر تۆرە ئىراققا شاھ ئەبباس مازىي يېنىغا كەتتى. پولاد سۇلتان يېشىم يەتمىشكە يەتكەندە كاپىرنىڭ ئىچىگە نېمىشقا بارغۇدەكمەن، مەن بىر تەنتەك كىشىمەن، مېنى ئەبدۇللاخان نېمىگىمۇ ئۆلتۈرەر، دەپ يەنە قايتىپ ئەبدۇللاخان يېنىغا كەتتى.

ھاجى مۇھەممەدخان يېنىدا ئۈچ مىڭ كىشى بار ئىدى. ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتتى. ياخشى ۋە يامىنى بولۇپ ھاجى مۇھەممەدخان بىلەن يۈز ئەللىك كىشى كەتتى. ئەبدۇللاخان بۇخاراغا بارغاندىن كېيىن پولاد سۇلتاننى، قوپچى (كۆپچى) ئاتلىق ئوغلى بىلەن ھاجى مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلتاننى، تېمۇر سۇلتاننىڭ ئوغۇللىرى — مۇھەممەد سۇلتان، قادىر بەردى سۇلتان ۋە ئەبۇلخەير سۇلتاننى، مەھمۇد سۇلتاننىڭ تۆت ئوغلى: مۇھەممەد سۇلتان، ئەلى سۇلتان، ئەرەب مۇھەممەد سۇلتان ۋە ئاق بابا سۇلتاننى، مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئىككى ئوغلى ـ شاھئەلى سۇلتان ۋە شاھبەخت سۇلتاننى، يەنى بۇ ئون ئىككى ساداق باغلىغاننى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كىچىكلەرنى قوشۇپ بىر كۈندە سەغىرچ ۋىلايىتىدە ئاق سۇنىڭ (ئاق دەريانىڭ) لېۋىدە شېھىت قىلدى. ئۈرگەنچ ئۆزبېكلىرىنىڭ مەشھۇر دۆلەتمەن كىشىلىرىگە مۇھەسسىل قويۇپ مېلىنى ئالدۇردى. قارا خەلقنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇز تەڭگە سالدى. ئۇ چاغدا ئەبدۇللاخاننىڭ بىر تەڭگىسى بىر ئەشرەفتىن ئارتۇق ئىدى. تاپالماي قاچقاننىڭ تەڭگىسىنى كېپىل بولغان كىشىدىن ئالدى. تەڭگە تاپالماي ئوغۇل ـ قىزىنى سېتىپ بەرگەنلەر كۆپ بولدى. بىر قازاندىن ئاش ئىچىدىغان ئون، ئون بەش كىشى بارئىدى. ھەممىسىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئالدى. ئون ياشلىق ئوغۇل بالىنى بىر ئۆيلۈك ھېسابلاپ ئۇنىڭدىنمۇ تەڭگە ئالدى.

ھاجى مۇھەممەدخان ئىنى، ئوغلانلىرى بىلەن بېرىپ قەزۋىندە شاھنى كۆردى. شاھ ھاجى مۇھەممەدخاننى قارشى ئېلىپ كەلدى. قوشىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈردى. قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ بېرىپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ: «ياخشى كەلدىڭ، خۇش كەلدىڭ، خانبابا» دېدى. كۆپ ئىنئام بەردى. سېۋىنچ مۇھەممەد سۇلتان ئىككى ئوغلى بىلەن كاپىر ئىچىدە تۇرالماي رۇمغا كەتتى. باشقىلىرى ھاجى مۇھەممەدخان بىلەن ئۈچ يىل تۇردى. يىلان يىلىدا بارغانىدى، شۇ يىلى تۇردى. ئات يىلىدىمۇ تۇردى. قوي يىلى يالتىراق يۇلتۇزى (چولپان يۇلتۇز) چىققان چاغدا ئەبدۇللاخان ئوغلى ئەبدۇلمۆمىن-خان خۇراساننىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىنى ئالغانىدى. ئەسفەرايىن دېگەن ۋىلايەتتە قىزىل باش قامىلىپ قالغانىدى. كېلىپ ئۇنى قامىدى. ئەسفەرايىنىڭ ھاكىمى كىشى ئەۋەتتى.

شاھ ئەبباس ئۇلۇغ چىرىك بىلەن قەزۋىندىن ئاتلىنىپ بەستامغا كەلدى.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەت**

مۇھەررىر: **ياسىن زىلال**

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆيسەم يۈرەك قانارمۇ؟

باقتا كىردىم باقچىلى ،
پىستە ـ بادام چاقچىلى .
گۈل تۈۋىدە يارىمنى
يۈرىكىمگە ياقىلى .

سۆكەلدىيۇ ، سۇ كەلدى ،
بىزنىڭ يەرگە سۇ كەلدى .
چىقسام ئېرىق بېشىغا ،
سۇ ياقىلاپ يار كەلدى .

گىلەم سالدىم سايىغا ،
كۆرپە سالدىم سايىغا .
بېقىۋالاي بىر كېلىك ،
سىز يارنىڭ چىرايىغا .

ئېلىۋېلىڭ يامغۇرلۇق ،
كىيىۋېلىپ ماڭغۇلۇق .
ئوبدان يارنى تاپقاندا ،
ئەسكى ياردىن تانغۇلۇق .

ماڭغان يولۇم ساي ئىكەن ،
مىنگەن ئېتىم تاي ئىكەن .
يىراقتىكى ئامرىقىم
گويا تولۇن ئاي ئىكەن .

ئۆينىڭ ئالدى ئېرىقكەن ،
ئۈنىڭ يېنى تېرىقكەن .
يېڭى تۇتقان يارىممۇ ،
سۆيۈشكىلى قىرىقكەن .

تاش ئۈستەڭگە سۇ كەلدى ،
ئېقىۋالساق بولمامدۇ ؟
ئاق مەيدىنى يۈرەككە
يېقىۋالساق بولمامدۇ ؟

ئوچاقتا ئوتۇن سالدىم ،
تۈتۈندە ئۆزۈك قالدىڭ .
چۈشۈمدە كۆرۈپ سېنى ،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ سالدىم .

شەبنەم چۈشتى قىياقتا ،
ئىزىڭ چۈشتى بوياقتا .
جامالىڭنى كۆرسەتمەي ،
مۆكۈۋالدىڭ قاياقتا .

ئالما بەردىم يېمەپسىز ،
بىيە بەردىم يېمەپسىز .
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز ،
گەپنى ئوچۇق دېمەپسىز .

ئەترگۈلدە پۇراق بار ،
تىكەن ھەم يوپۇرماق بار .
يار ئۈستىگە يار تۇتماڭ ،
ئاخىرەتتە سوراق بار .

شوتا قويدۇم توغراققا ،
پالتا سالدىم چومچاققا .
ئۈز كېپىڭگە ئىشىنىپ ،
چۈشۈپ قالدىم قىلتاققا .

كۆكتە بۇلۇت لەيلەيدۇ ،
گاھ ئۆرلەيدۇ ، پەسلەيدۇ .
باغرى تاش نادان باللا ،
كۆيگىنىمنى بىلمەيدۇ .

ئەنجان دوپپا كىيىپلا ،
كوچا ـ كويدا قىيپىلا .
ئۆزلىرىنى سورىمىسىلا ،
ئەل جامائەت ئەيىبلا .

سۇ باشلىساڭ ئىلەككە ،
كىرىۋالدى چۆنەككە .
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەيمەن ،
كىم گەپ قىلسا① كۆنەككە .

شالغا سالدىم رەندىنى ،
دىلدا ساقلاپ رەنجىنى .
ئەمدى يارىم دېمەيمەن ،
سەندەك ۋاپاسىز بەندىنى .

گۈل شېخىنى ئەگمەيمەن ،
ئەگكەن بىلەن كەسمەيمەن .
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىدى ،
كەتكەن بىلەن ئەسلەيمەن .

چاچلىرىڭنى ئۆردۈڭمۇ ؟
ئەينىكىڭنى كۆردۈڭمۇ ؟
سەن ئىشىنىپ ياڭزاڭغا ،
باشقا بىرنى سۆيدۈڭمۇ ؟

شورىغا ئورەك ئويدۇم ،
قىسماقنى قۇرۇپ قويدۇم .
ئەمدى كەلمە ھال تارتىپ ،
مەن ساڭا راسا تويدۇم .

شامال چىقتى قىبلىدىن ،
تەس قۇتۇلدۇم غەلۋىدىن .
قاچانمۇ قۇتۇلارمەن ،
سەن بۇدۇۋشقاق تەلۋىدىن .

باش ئېرىقتىن ئاتلايمۇ ،
قاش ئېرىقتىن ئاتلايمۇ ؟
خوتۇنۇم يامان چىقتى ،
قېينانامغا داتلايمۇ ؟

توپلىغۇچى : مەتقۇربان ئىسمايىل
چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى
مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى

① كۆنۈك

# «زەپەرنامە» دىكى ئوغۇزخانغا دائىر تەپسىلاتلار

## موغۇل تەبىقىسى ھەققىدە سۆز

موغۇل تەبىقىسى توققۇز كىشى ئىدى . ئۇلارنىڭ دەسلەپكىسى موغۇلخان ، ئاخىرقىسى ئىلخان بولۇپ توققۇزنى ئاشۇلارنىڭ ساندىن ئالغان . بۇ ھەقىقەتكە يېقىن ، چۈنكى مەرتىۋىلەر ئارىسىدا سان جەھەتتىن توققۇزدىن ئارتۇق بىرەرمۇ مەرتىۋە يوق .

### موغۇلخان پادىشاھلىقى

موغۇلخان مەملىكەتنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى . ئەلنىڭ ئېتىقادى ۋە رازىلىقىنى قازاندى . (ئاخىرى ) بۇ پانىي ئالەمدىن كۆز يۇمدى . ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى : قاراخان ، ئازارخان ، گۆرخان ۋە ئۇزخان .

### قاراخان پادىشاھلىقى

قاراخان موغۇلخاننىڭ ئەڭ چوڭ پەرزەنتى بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا (تەختكە ) ئولتۇردى ۋە ئەل سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى . ئۇ قارا قۇرۇمدا ئىككى تاغ باغرىدا (ئۇلارنى ئۇر تاغ ۋە كور تاغ دەپ ئاتايدۇ ) ياز ۋە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ .

موغۇللار قاراخان زامانىدا كۇپۇر ۋەشىرىك (يولىدا ) شۇنداق مەھكەم ئىدىكى ، ئەگەر پەرزەنت كۇپۇردا مۇستەھكەم ، قاتتىق تۇرمىسا ئاتا ئۇنى جازالار ئىدى . ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى . (بۇنىڭدا ) ئاتىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مېھىر - شەپقىتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنماس ئىدى . قاراخان پادىشاھلىق قىلىۋاتقان دەۋردە ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغدى . ناھايىتى چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئىدى . ئۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئانىسىنى ئەممىدى . ئانىسى بولسا ھەر كېچىسى بالىسىنى چۈشىدە كۆرەتتى . ھەر قېتىم بالا شۇنداق دەيتتى : «ئەي ئانا ، تامۇسۇلمان بولمىغىنىڭغىچە ۋە تەڭرىگە سېغىنمىغىنىڭغىچە سېنى ئەممەسمەن .» شاھنىڭ خوتۇنى بۇ چۈشتىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتا ئىدى . ئۇ ئاشكارا مۇسۇلمان بولۇشتىن قورقاتتى . يوشۇرۇنچە ئىمان كەلتۈردى ۋە بالىسىنى ئىمىتتى .

ئاشۇ زاماندا موغۇللاردا شۇنداق ئۇدۇم بار ئىدىكى ، تا پەرزەنت بىر ياشقا توشمىغۇچە ئۇنىڭغا ئات قويماس ئىدى .

ئەلقىسسە : قاراخان خىلۋەتگاھقا كىرگەندە ئانىسىنىڭ يېنىدىكى بۆشۈكتە ياتقان تولۇن ئايدەك ئوغلىنى كۆردى . ئۇ شادلىقتىن (ئەلگە ) توي بەردى . شۇ بەزمىدە ئەمىرلەر ۋە (ئۇلۇس ) ئۇلۇغلىرى ئالدىدا خوتۇنىغا شۇنداق دېدى : «ئوغلىمىز بىر ياشلىق بولدى . ئۇنىڭغا قانداق ئات قويىمىز ؟» بىر ياشلىق بالا بۆشۈكتە تىلغا كىردى ۋە ئېنىق سۆزلەپ دېدى : «مېنىڭ ئېتىم ئوغۇزدۇر» . . . .

ھەممەيلەن ئۇنىڭ نامىنى شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەندى . (ئوغۇز ) بالاغەت يېشىغا يەتكەندە قاراخان ئۆز ئۇكىسى گۆرخاننىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى . ئۇ ناھايىتى ساھىبجامال ، لاتاپەتلىك ، تولۇن قىز ئىدى . بىراق ئىسلام دىنىدا بولمىغانلىقى

www.uyghurkitap.com



سەۋەبلىك ئوغۇزخان ئۇنى خۇش كۆرمەس
ئىدى . ئۇنىڭدىن ئايرىم ياتاتتى ۋە ئىلتى-
پات قىلمايتتى . ئاتىسى قارىسا ئوغۇزخا-
نىڭ قىزغا مەيلى يوق . (ئوغلىنى ) ئاھا-
يىتى ئەزىز بىلىپ سۆيگەنلىكىدىن (ئۇنىڭ-
غا ) كېيىنكى قېرىندىشى ئازەرخاننىڭ قى-
زىنى ئېلىپ بەردى . ئۇ (قىز ) مۇ ئىسلام
دىنىدا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئوغۇزخان
(ئۇنى ) ئۆلپەت تۇتمىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن
ئاتىسى دائىم غەمكىن ئىدى . (ئەمدى ئو-
غۇزخاننىڭ ) ئۈچىنچى كىچىك دادىسى —
ئۇزخاننىڭ قىزىنى سوراشنى ئويلايتتى .
بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋدىن قايتىۋېتىپ
تاسادىپەن يولى ئۇزخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە
چۈشۈپ قالدى .

كۆردى ئاشۇ قىزنى ئېرىق تاماندا ،
كىر يۇيار ئۇلۇس بىرلە خىراماندا .

ئوغۇزخاننىڭ نىگاھى ئۇنىڭغا چۈشۈپ
دېدى : «ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ
ۋە ئىسلام دىنىغا (كىرىشكە ) ۋەدە بەر-
سەڭ ، مەن سېنى خالىغۇم ۋە جاندىنمۇ
ياخشى كۆرگۈمدۇر»

ئاڭلاپ يېگىتتىن خۇش خەۋەرنى قىز ،
قەسەم ئىچىپ ، شۇئىرلاپ ئاچتى ئېغىز :
سېنىڭكى بولسام گەر دېگىنىڭ قىلارمەن ،
سۆزۈڭ پەرمانىڭنى ئەستە ساقلارمەن .

ئوغۇزخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى ئاتىسىغا
ئېيتتى ۋە ئاتىسى ئۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ
بەردى . ئىككى ئوتتۇرىدا بۈيۈك مۇھەببەت
شەكىللەندى . (ئوغۇزخان ) دائىم ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە بولاتتى . باشقا (خوتۇن ) لى-
رىغا ئىلتىپات قىلمايتتى . (نەتىجىدە )
ئالدىنقى خوتۇنلىرى رەشك قىلدى . بىر
كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا كەتكەندى . قارا-
خان بەزمە تۈزۈپ ئوغلىنىڭ خوتۇنلىرىنى-
مۇ چاقىردى ۋە ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال
سورىدى . خوتۇنلار دەسلەپ ئوغۇزخاننىڭ
مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدە ، كېيىن
ئۇلارنىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىگەنلى-
كى ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىمىغانلىقى ،
ئۈچىنچى خوتۇننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىرمۇ
بىر سۆزلەپ بەردى . . .

قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېرىن-
داشلىرىغا ۋە (شۇ يەردە ) ھازىر بولغانلار-
غا ئوغلىنى جازاغا مەھكۇم ، دەپ ئېلان
قىلدى .

بىزنىڭ دىن ـ ئۇدۇمدىن باش تارتتى ، دېمەك ،
قىلىچ بىلەن بېشىنى كەسمەك كېرەك .

ئۇ بۇيرىدى ، قوشۇن ۋە جەڭچىلەر
توپلاندى . ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن
ئوۋلاق ① تەرەپكە يول ئالدى . مۇسۇلمان
خوتۇن بۇ ھالنى بىلىپ (دەرھال ) ئېرىنى
خەۋەردار قىلدى . ئوغۇزخان (ئەھۋالدىن )
ئاگاھ بولغاندىن كېيىن جەڭگە ھازىرلىق
قىلىشقا باشلىدى .

ئوۋلاقتا ئۇچراشتى ئىككى قوشۇن ،
ئوغۇز بىلدى ئېنىق جەڭ بولىشىن .
سىپاھلار ئات سالار بىر ـ بىرىگە ياۋ ،
گۇ ياكى تومۇردىن قۇيىلار يالقۇن .

قاراخان (جەڭدە ) چوڭ تالاپەت كۆر-
دى . قوشۇنلىرى قېچىشقا يۈزلەندى . (ئۇ-
لۇس ) ئۇلۇغلىرى ۋە سەركەردىلىرى ئو-
غۇزخان قېشىغا كېلىپ باش ئېگىپ مۇ-
سۇلمان بولدى . ئوغۇزخانغا (سادىق بو-
لۇشقا ) قەسەمياد قىلدى ۋە پادىشاھلىق ئۇ-
نىڭغا (ئوغۇزخانغا ) مۇقەررەر بولدى .

## ئوغۇزخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

ئوغۇزخان شان ـ شەۋكەتلىك ۋە ئا-
لىي ھىممەتلىك پادىشاھ ئىدى . ئۇ پۈتۈن
ئاتلىقلىرىنى ، ساراي ئەھلىنى ۋە ئۆز تە-
رەپدارلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى .
يەتمىش ئۈچ يىل داۋامىدا ئۇلار (دىنىغا

كىرمىگەنلەر ) نىڭ ئۇرۇق ـ توغقانلىرى ۋە ئىزداشلىرى بىلەن جەڭ قىلدى . ئاخىرىدا ئۇلارنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردى . تۇرالغۇلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىدى . ئۇلار ئۇ يەرلەردىن مەشرىق تەرەپكە قېچىپ ، چىن ئۆلكىسىگە كەتتى ۋە تاتار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ياناھ ئىزدەپ باردى . تاتار پادىشاھى ئۇلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى ۋە (بىرلىكتە ) ئوغۇز ئۇستىگە قوشۇن تارتتى . (بىراق )ئوغۇزخانىنىڭ (شان ـ شەۋكىتىدىن ) ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە ۋە قورقۇنۇش چۈشتى ۋە مەغلۇپ بولدى . ئوغۇزخان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تا چىن ئۆلكىسىگە باردى ۋە ئۇ ئىقلىمنىمۇ ئىگىلىدى . نەتىجىدە تاتار موغۇل ئەھلى ـ ئۇلۇسى ئوغۇزخانغا ئەل بولدى . ئۇ ھەممىسىگە ھاكىم بولدى . تالاش (تالاس ؟ـت ) شەھىرى ۋە سايرامدىن تا بۇخارا چېگرىسىغىچە (بولغان يەرلەرنى ) ئۆز قول ئاستىغا ئالدى . ۋە ئىسلامغا كىرگۈزدى .

(ئوغۇزخان ) ھەربىر شەھەر ۋە ناھىيىگە بىردىن ئەمىر ۋە ھاكىم تەيىنلىدى . (ئۆزىگە ) باشتىن ـ ئاياغ ئالتۇن ۋە قىممەت باھا تاشلار (بىلەن بىزەلگەن ) چېدىر تىكلىدى ، پادىشاھلارچە بەزمە ، شاھانە توي بەردى . (تويدا ) جىمى ئەمىرلەر ۋە ئۇلۇغلارنى تارتۇقلىدى ۋە قەدىرلىدى .

ئىسلام دىنى ۋە تۇركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئاساس بولغان بىرقانچە قانۇنلارنى ياراتتى ، جەمشىد ئەجەم پادىشاھلىرى ئارىسىدا قانداق بولسا ئوغۇزخان (تۇرك ) پادىشاھلىرى ئارىسىدا خۇددى شۇنداق ئىدى .

## ئوغۇزخانىنىڭ تۇرك قوۋملىرىگە لەقەم بېرىشى

ئوغۇزخان تۇرك قوۋملىرىگە لەقەم قويدى ۋە (ئۇلار ) ھازىرغىچە ئاشۇ لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر ، قانغىلىق ، قىپچاق ، قارلىق ، خەلەج قاتارلىقلار .

**ئۇيغۇر :** (سۆزىنىڭ ) مەنىسى قوشۇلماق ، بىر ـ بىرى بىلەن ئەھدىلەشمەك دېگەنلىكتۇر . جەڭدە ئوغۇزخانغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئوغۇزخان ) ئۇلارنى ئۇيغۇر ، دەپ ئاتىدى .

**قانغىلىق :** ئۆز ۋاقتىدا ئوغۇزخان جەڭدە نۇرغۇن ئولجىنى قولغا كىرگۈزگەنىدى . بىراق ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيتتى . جەڭچىلەرنىڭ ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بىر توپى ھارۋا ياساپ ، ئۇ ئولجىنى ئاسانلا توشىدى . ئۇلار ئۆز پەم ـ پاراسەتلىرى بىلەن ھارۋا ياسىغانلىقى ئۈچۈن (ئوغۇزخان ) ئۇلارغا قانغىلىق دەپ لەقەم قويدى ، (چۈنكى ) موغۇللار ھارۋىنى قانغىلىق دەيدۇ .

**قىپچاق :** ئوغۇزخان جەڭلەرنىڭ بىرىدە (ئېنىقراقى ) ئىت ـ بەراق (ئۇرۇقى بىلەن بولغان جەڭدە ) يېڭىلدى ۋە قېچىپ ئىككى دەريا ئارىلىقىغا بېرىپ چۈشتى . قوشۇن ئارىسىدا بىر ھامىلىدار ئايال بولۇپ ، ئېرى جەڭدە ئۆلگەنىدى . ئايالدا تولغاق باشلاندى ، (ئاشۇ يەردىكى ) غولى كاۋاك بولۇپ قالغان بىر دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزى يورىدى . ئوغۇزخان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ ئەھۋالىغا رەھمى كەلدى . بالىنىڭ ئاتىسى بىز ئۈچۈن كۆرەشتە ئۆلدى ۋە (شۇ سەۋەبتىن بالا ) ② يېتىم قالدى . دەپ ئۇنى (ئۆزىگە ) پەرزەنت قىلىۋالدى ھەمدە بالىنى قىپچاق ، دەپ ئاتىدى . قىپچاق سۆزى ئەسلى قەبۇق (سۆزىدىن ) كېلىپ چىققان بولۇپ غولى كاۋاك ، قۇرۇق دەرەخ دېمەكتۇر .

ئەمدى قىپچاق قوۋمى باشتىن ـ ئاياغ ، ئاشۇ مەرد ئوغلاندىن ئالغۇسى ساناق .

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوغۇزخان ئون يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىت - بەراق قوۋمى ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى ۋە ئىرانىنى ئىگىلىدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئوغۇزخان تۇرانغا قايتتى ۋە (بۇيەردە) دۈشمەنلەرنىڭ يەنە باش كۆتەرگەنىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغان قىپچاقتا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئاتلىنىپ ماماق ئەترا-پىدا چېگرىنى قوغداشنى بۇيرىدى. قىپچاق پەرمانغا ئاساسەن يولغا چىقتى ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ تۇرۇپ قالدى.

**قارلىق:** ئوغۇزخان (ئېتىنى) گۆر يەرلىرىدىن تۇران ئۆلكىسى تەرەپكە بۇردى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. چۆلنى پۈتۈنلەي قار قاپلىغان، (ئوغۇزخان) ھېچكىم قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن، دەپ بۇيرىدى. قېلىن قار ۋە قاتتىق سوغۇق بولغانلىقى سەۋەبلىك جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئارقىدا قالدى. بۇ ئەھۋال ئوغۇزخانغا مەلۇم بولغاچ، (ئۇلارنى) چاقىردى ۋە سوراقتىن كېيىن ئارقىدا قالغانلارنى قارلىق دەپ ئاتىدى . . .

**خەلەج:** ئوغۇزخان مەملىكەتلەرنى ئىگىللەشكە چىرىك تارتقان چاغدا ھېچكىم قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن، دەپ بۇيرىدى. بىر كىشىنىڭ خوتۇنى پەرزەنت كۆردى. ئەمما دەرمانسىزلىقتىن (ئۇنىڭ) سۈتى يوق ئىدى. (ئۇ كىشى چۆلدە) قىرغاۋۇل تۇتۇۋالغان چىل بۆرىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭغا بىر ياغاچنى ئېتىپ قىرغاۋۇلنى تارتىۋالدى ۋە خوتۇنىغا كاۋاپ قىلىپ بەردى. ئايال ئۇنى يېگەندىن كېيىن (كۆكسىدە) سۈت پەيدا بولدى ۋە بالىسىنى ئەمگۈزدى.

بۇ ئىشتىن ئۇ كىشى ئارام تاپتى،
بىراق بۇنى ئوغۇزخان بىلىپ قالدى.
دېدى رەنجىپ، بىراۋ توغسا خوتۇنى،
نېچۇن چەتكە ئالار ئۆزىنى..
ئۇ كىشىنى پادىشاھ خەلەج، دېدى،
يەنى خوتۇن دەپ ئارقىدا قالغان دېدى.
ئوغۇزخان پۈتۈن ئۇلۇسقا يۇرت، چارۋا، يايلاق ۋە قىشلاق (ئۈچۈن) يەر ئاجرىتىپ بەدى...
سەن بۇلارنىڭ بارىنى تۈركلەردىن بىل،
شۇ ھالدا ناملىرى بولمىش ھەرخىل.

## ئوغۇزخاننىڭ پايتەختىگە قايتىشى ۋە توي تەرىپى

ئوغۇزخان ئالەم ئېلىنىڭ كۆپلىرىنى قول ئاستىغا بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غەربتىن ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتى كۆر تاغقا قايتتى ۋە بەزمە تۈزۈپ چوڭ توي بەردى. بۇنىڭدەك (تەنتەنىنى) بىرەر پادىشاھ قىلالىغان ئەمەس...

ئەتراپتىكى جىمى ئۇلۇغلار، سەردارلار ھەمدە پۈتۈن تۇران پادىشاھلىرىنى چاقىرىپ توققۇز تۈمەن قوي ۋە توققۇز يۈز بايتال سويدى، شۇنىڭغا يارىشا شاراب ۋە قىمىزمۇ تەييارلىدى. كاتتا خانتاختا راسلىدى.

ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى، ئۈچى چوڭ ئوغۇل، ئۈچى كىچىك ئوغۇل. ئۈچ چوڭ ئوغلى: كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخان، ئۈچ كىچىك ئوغلى: كۆكخان، تاغخان، تەڭرىخان.

## ئوغۇزخاننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە (مەنسەپ) تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدا

ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرى بىر كۈنى تۇپلىنىپ ئوۋغا چىقتى. ئوۋدا بىر دانە يا، ئۈچ دانە تىللا ئوق تېپىۋالدى ۋە ئۇنى ئوغۇزخانغا ئەكېلىپ بەردى. (ئوغۇزخان) ئۈچ چوڭ ئوغلىغا يانى، ئۈچ كىچىك ئوغۇللىرىغا بولسا ئۈچ ئوقنى (بۆلۈپ) بەردى. چوڭ ئوغۇللار يانى ئۈچكە بۆلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى بۇزۇق، كىچىك (ئوغۇللىرىنى بولسا) ئۈچ ئوق، دەپ ئاتى-

دى . (شۇنىڭ بىلەن بىرگە ) بۇزۇقلارنىڭ هۆكمى ئۈچ ئوقلارنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرىراقتۇر ، دەپ قارار قىلدى ، چۈنكى ئوق ئەلچىلىكنى ، يا ـ پادىشاھلىقنى بىلدۈرىدۇ . .

ئوڭ قول (تەرەپ ) نى ، بۇلارنى ئەرەبلەر مەيمەنە ، تۈركىيدە ئۈنى بۇرۇنغار دەيدۇ ، بۇزۇققا بەردى . سول قول (تەرەپىنى ) نى ، بۇلارنى ئەرەبلەر مەيسەرە ، تۈركىيدە جۇۋانغار دەيدۇ ، ئۈچ ئوققا مەركەزلەشتۈردى ، بۇنىڭدىن ھەر بىركىشى ئۆز يول ـ يورۇقىنى بىلىۋالسۇن دېگەن نىيەت كۆزلەندى . يەنە شۇ مەجلىستە شاھ ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەلتەنەت تەختى ھەم خانلىق بۇزۇق قوۋمىگە (مەنسۇپ ) بولسۇن ، دەپ ۋەسىيەت قىلدى ۋە كۆپ ئۆتمەي تەڭرى دەرگاھىدىن ئورۇن ئالدى .

## كۈنخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

كۈنخان ئاتا ۋەسىيىتى ۋە ئۇلۇغلارنىڭ رايىغا ئاساسەن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇردى . ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇشقا كىرىشتى . خەلققە نىسبەتەن ئادالەت ۋە ھەقىقەت يولىنى تۇتتى . ئاتىسىنىڭ ۋەزىرى ئىرقۇل خوجا ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى . ئۇ بىر كۈنى خىلۋەتتە كۈنخانغا قاراپ : «ئوغۇزخان ئالىي ھىممەتلىك پادىشاھ ئىدى ، مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىپ كۆپ قوشۇن توپلىدى ۋە ئۇنىڭدىن زور بايلىق (مىراس ) قالدى .

شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنيا ، چارۋىلار ھەتتا ،
مىراسقا قالدۇردى ، ئىختىيار سىزدە .
مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى تاشلىدى ، كەتتى .
ئالتە ئوغۇلغا تەگسۇن دەپ ئېيتتى .

ئالتە ئوغۇلنىڭ ھەربىرىدىن تۆتتىن پەرزەنت (دۇنياغا كېلىپ ) ، جەمئىي يىگىرمە تۆت شاھزادە بولدى . مال ـ مۈلۈك سەۋەبىدىن شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا تۇغۇلمىسۇن . باشتىلا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مەلۇم يول يورۇق بەلگىلەش لازىم . »

ئالتۇنۇ بايلىقۇ ، مال ـ چارۋىلارنى ،
ئۇلارغا بېرەيلى بىرلەپ ھەممىنى .
ھەربىرىنىڭ ئۆز نىشانى بولسۇن ،
بىرەيلى يەنە لەقەم تامغىسىنى .
ھەركىم ئۆز ئۈلۈشىنىڭ ئىگىسى بولسۇن ،
ئۈلۈش تالىشىشتىن قولىنى يىغسۇن .
ئۇلارنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلغان پەرزەنت ،
ئۇشبۇ توغرا يولنى ئەيلىسۇن بەيئەت .
ئىرقولدىن ئاڭلىغاچ بۇنداق ئۈگەتنى ،
ماقۇل تاپتى ئۇ ھەممە ـ بېرىنى .

ئۇنىڭغا (قاراپ ) ياخشى تەدبىر بىلەن «ئۇشبۇ تەرىزدە بېرىلسۇن» دېدى .

(كۈنخان )③ شاھزادىلەر ئۈچۈن نىشان ، لەقەم ، تۇرار جاي ۋە تامغا بەلگىلەپ بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ئىناقلىق ئورناشتى ، نىزا ۋە تالاش ـ تارتىشقا ئورۇن قالمىدى . شاھ ھۇزۇرىدىكى توي ـ ھەشەملەردە ھەربىرى ئۆز ئورنىنى بىلەتتى . تاماق ۋاقتىدا قوي (گۆشىدىن ) ھەر كىمگە تېگىشلىك ئۈلۈش تارتىلاتتى ۋە ئۆزئارا چوڭ ـ كىچىكلىرىگە قاراپ ئەدەپ كۆرسىتەتتى . ئەنە شۇ ئۆدۈمگە ئەمەل قىلىپ سەلتەنەت ئۇزاق يىللار ئۇلارنىڭ نەسلىدە ساقلىنىپ قالدى . كۈنخان يەتمىش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۆز ئوغلى ئايخاننى ④ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى .

## ئايخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

ئايخان ساخاۋەتلىك ۋە خۇش پېئىل خان ئىدى . ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن ئادالەت ۋە ياخشىلىق يولىدىن ماڭدى . ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ ئۆدۈملىرىنى مەھكەم تۇتتى ، خەلققە ياخشى مۇئامىلىدە بولدى ، قوشۇنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى بىلەن باشقۇردى ۋە مەلۇم مۇددەت خانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەختىدە شاد ـ خۇرام دەۋر سۈردى . ئۆمە-رى ئاخىرلاشقاچ ئەڭ چوڭ ئوغلى يۇلتۇز-خاننى ⑤ ئۆز ئورنىغا تەيىنلىدى .

### يۇلتۇزخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

يۇلتۇزخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا (تەختكە ) ئولتۇردى ۋە مەملىكەتنى باشقۇ-رۇشقا كىرىشتى ، ياخشى قائىدە ـ ئادەت-لەرنى يۈرگۈزدى . ئۇ موغۇلىستاندا پادى-شاھ بولۇپ تۇرغان چېغىدا ئەل ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە بولدى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى مىڭلىخان ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى .

### مىڭلىخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

مىڭلىخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇنداق بىر رەسىم ـ يۇسۇم يۈرگۈزدىكى ، جىمىكى ئەل خاتىر-جەملىكتە ۋە ئىتتىپاقلىقتا ئۆمۈر كەچۈر-دى . ۋاقتى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىر-لاشقاندا ، تەڭرىخاننى ئۆز ئورنىغا تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى .

### تەڭرىخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

تەڭرىخان سەلتەنەت باشقۇرۇشقا تە-يىنلەنگەندىن كېيىن ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ يولىيورۇقىدىن چەتكە چىقمىدى ھەممە ئون يىل موغۇلىستاندا خانلىق قىلدى . قىرىپ مۈكچەيگەن چېغىدا ئوغلى ئېلخاننى شان ـ شەۋكەت ئىگىسي ۋە ئادالەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئورنىغا بەلگىلىدى . ئۆزى بول-سا تەنھالىقنى ئىختىيار قىلىپ ، قالغان ئۆمرىنى غەپلەتتە ئۆتكەن كۈنلىرىگە توۋا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى ۋە ۋاقتى كېلىپ ئالەمدىن كۆز يۇمدى .

### ئېلخان پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆز

ئېلخان يۇمشاق تەبىئەتلىك ، سائادەت-لىك ، ساخاۋەتلىك ۋە ئامەتلىك ، پادىشاھ ئىدى . ئۇنىڭ زامانىدا تۈركىستان ۋە مەۋا-رە ئۇننەھىردە تۇرانلىق فەرىدۇن پادىشاھ-لىق قىلغان . ئۇنىڭ بىلەن موغۇل ئوتتۇ-رىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولدى ۋە تاتار پادىشاھى سۈيىنچخاننى ئۆزىگە تارتىپ ئېلخانغا قارشى قويدى .

ئەسكەرتىش ۋە ئىزاھ :

بۇ پارچە مەشھۇر تارىخچى شەرەپىددىن ئەلى يەزدى (تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم ، 1454 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ) نىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئە-سىرىنىڭ ئۆزبېك ئالىمى ئامانۇللا بۇرىيېۋ تەرە-پىدىن پارس تىلىدىن قىلىنغان ئۆز بېكچە تەر-جىمىسىدىن تەييارلاندى . ( «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .

يالاڭ تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر مەنە ئېتىبا-رى بىلەن ئۆزبېكچە تەرجىمان تەرىپىدىن تولدۇ-رۇلغان .

① ئۇۋلاق ـ ئوۋ قىلىنىدىغان يەر .

② تىرناق ئىچىدىكى (شۇ سەۋەبتىن بالا ) دېگەن سۆزنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قوشتۇم ، ـ تەييارلىغۇچى .

③ تىرناق ئىچىدىكى (كۆنخان ) دېگەن سۆزنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قوشتۇم (تەييار-لىغۇچى ) .

④ ئايخان كۆنخاننىڭ ئوغلى ئەمەس ، ئىنىد-سى بولۇشى كېرەك ئىدى . مىرزا ئۇلۇغبېك (1394 ـ 1449 ـ يىللار ) نىڭ «تارىخى ئەربە-ئى ئۇلۇس» (تۆت ئۇلۇس تارىخى ) ناملىق ئەسە-رىدە ئايخان كۆنخاننىڭ ئىنىسى دەپ ئېلىنغان (مىرزا ئۇلۇغبېك تۆت ئۇلۇس تارىخى ) تاش-كەنت ، چولپان نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۆزبېك-چە نەشرى ، 54 ـ بەت )

⑤ يۇلتۇزخان ئايخاننىڭ ئوغلى ئەمەس ، ئىنىسى بولۇشى كېرەك .

مەركۇر پارچىدىكى شېئىرلار پارسچىدىن مەزمۇن ئاساسىدا ئەركىن تەرجىمە قىلىنغان ، شۇ پېتى تەييارلاندى .

تەييارلىغۇچى : ئەزىزى

مۇھەررىرى : ۋاھىتجان ئوسمان

# ھېكمەتلەر

△ ھەر كىمنىڭ پۇلى ئاز بولسا قەدىرى خار بولىدۇ .

△ ھەر كىشىنىڭ بىر تۇغقىنى بولمىسا ھەر جايغا بارسا غېرىپ بولۇپ قالىدۇ . ھەر كىمنىڭ پەرزەنتى بولمىسا ، خالايىق ئوتتۇرىسىدا نامى ئۇچۇپ كېتىدۇ . ھەر كىمنىڭ پۇلى بولمىسا دوستلاردىن بەھىر ئالالمايدۇ . كەمبەغەلگە بىر كىم دوست بولمايدۇ .

△ ھازىر دۆلىتىم پاراۋان ، نېمىتىم كەڭرىچىلىك ، شۇڭا ھەممە كىشى ماڭا دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ . مەن بىلەن قەلبى بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا لاپ ئۇرىدۇ . خۇدا ساقلىسۇن ، ئەگەر ئىززەتنىڭ كۆزىنى مېھنەت قارىغۇ قىلسا ، شۇ چاغدا ئاددىن كىمنىڭ دوست ، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .

△ پازىللارنىڭ بىرىدىن بىركىم : «خالايىقلارنىڭ مالدار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشىدا نېمە ھېكمەت بار ؟» دەپ سورىغان ئىكەن ، ئۇ پازىل كىشى : «مال ئۇلارنىڭ مەشۇقىدۇر . مەشۇق قەيەرگە بارسا ئاشىق شۇ يەرگە كېلىدۇ . مەشۇق كەتسە ئاشىقمۇ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

△ موھتاج كىشى بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىدىنمۇ بەھرىسىز قالىدۇ ، ئاخىرەتنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشى ئېھتىمال .

△ دەرۋىشلىك باشقا ، گادايلىق باشقا . ئۆزلۈكىدىن دۇنيانى تاشلىۋەتكەن كىشىنى دەرۋىش دەيمىز . بىر كىشىنى دۇنيا تاشلىۋەتكەن بولسا ئۇنى گاداي دەيمىز .

△ ھايا - ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر .

△ ئەگەر بىر كەمبەغەل جۇرئەت قىلغان بولسا «ئۆزىنى تونۇمىغان ، ھەددىدىن ئاشقان» دېيىشىدۇ . ئەگەر ياۋاشلىق قىلسا «ئاجىز ۋە غەيرەتسىز» دېيىشىدۇ . ئەگەر ئېغىرلىق قىلسا «گال» دېيىشىدۇ . ئەگەر ياخشى ھېكايىلەرنى سۆزلىسە «تولا سۆزلەيدىغان كاسكى» دېيىشىدۇ . سۆزلىمىسە «جېنى يوق سۈرەت» دەيدۇ . ئەگەر يالغۇز ئولتۇرۇشنى خالىسا «دىۋانە بولغىلى تۇرۇپتۇ» دەيدۇ . ئەگەر كوچىلىككە قوشۇلسا «بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس پەيدا بولغىلى تۇرۇپتۇ» دەيدۇ . ئەگەر كۈلسە «مەسخىرىۋاز» دەيدۇ . قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرسا «كالىدەك ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ . ياخشى يەپ ، ياخشى كىيسە «قارنى يامان ياسادچۇق» دەيدۇ . ئاز يەپ كونىنى كىيسە «پىخسىق ، خەسىس» دەيدۇ . ئەگەر بىر يەردە تۇرسا «ئىشقا خام ، يارامسىز» دەيدۇ . سەپەر قىلسا «تىنىمسىز ، پۇلغا ھېرىس» دەيدۇ . ئەگەر خوتۇن ئالسا «شەھۋەتپەرەس» دەيدۇ . بويتاق يۈرسە سۈننەتنى تاشلىغان قاتارىغا كىرگۈزىدۇ .

△ ئالماقنىڭ راھىتى تىلىمەكنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەس .

△ كىشىگە بۇ ئالەمدىكى ئىشلار ئىچىدە ئۈچ تۈرلۈك مەنپەئەت ۋە راھەت بار . لېكىن ئۇ ئۈچ تۈرلۈك مېھنەتكە ئەرزىمەيدۇ . بىرىنچىسى ، جەننەت ،ئۇ ئۆلۈمنىڭ جاپا - مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ . ئىككىنچىسى ، مەنسەپ راھىتى ، ئۇ مەنسەپتىن يىقىلىدىغان ۋاقتىدىكى ئىزاغا ئەرزىمەيدۇ . ئۈچىنچىسى گۇناھ قىلىپ كۆرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

راھەت، شۇ گۇناھ ئۈچۈن دوزاختا كۆيىدىغان ئازابنىڭ مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ .

△ تەنھالىق ناھايىتى مۇشكۇل، غېرىبلىق بولسا قاتتىق . ھېچقانداق خۇشاللىق دوستلار بىلەن بىللە بولغاندەك لەززەت بەرمەيدۇ ۋە ھېچقانداق غەم دوستلاردىن ئاجرىماقتەك قاتتىق بولمايدۇ .

△ ئەقىللىق كىشى ھەرقانداق يەرگە بارسا دوست ۋە يار - يۆلەك تاپىدۇ . جاھىل كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىب ۋە يات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

△ ئالتە نەرسىدىن ۋاپا، ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك . بۇلار : بۇلۇتنىڭ سايىسى، غەرەزلىك دوستلۇق، خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتى، چىرايلىقلارنىڭ جامالى، يالغاندىن تەرىپلەش، بۇ دۇنيانىڭ مېلى .

△ ھايات چاغدا ئۆز قولى بىلەن سەرپ قىلغان نەرسە مال - دۇنيا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلغان نەرسە ماتا دەپ ھېسابلىنىدۇ .

△ باتۇر - باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز، ئىنسابلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىش - بېرىش مۇئامىلىسىدە، خوتۇن ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلىق چاغلاردا، ھەقىقىي دوستلارنى بالا - قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك .

△ ئەقىللىق كىشى ھەر قاچان دۈشمەن سۆزىگە ئىلتىپات بىلدۈرمەسلىكى لازىم ۋە ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاشنالىق مېلىغا خېرىدار بولماسلىقى لازىم .

△ ھوشيار كىشىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، دۈشمەن قانچە مۇلايىملىق كۆرسەتسە، ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان قىلىشى، مۇبادا ئۇ ئىتتىپاقلىق قولىنى سۇنسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك .

△ ئەگەر كىشى كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كەلمەكتىن ئاجىز كەلسە ئەلۋەتتە مال - دۇنيا ۋە ئەھلى ئائىللىرىنى، ۋەتەن ۋە دىيارىنى تاشلاپ، رەقىبىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەرگە كەتسۇن .

△ ئەگەر ھەر كىشى مەغرۇر بولسا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ .

△ ھوشيار كىشى ھېچقاچان دۈشمەندىن ئەمىن بولمايدۇ .

△ مەسلىھەت ۋە كېڭەش قىلغاندا، پادىشاھنىڭ پىكرى ئاساس، ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرى بولسا ياردەمچى بولىدۇ .

△ ئەگەر ھايات خارلىق بىلەن ئۆتىدىغان بولسا ئۇنداق ھاياتنىڭ قىسقا بولغىنى ياخشى .

△ پادىشاھلارنىڭ سىرلىرى كېڭەشكە قاتناشقانلار ياكى ئەلچىلەر ئارقىلىق پاش بولۇپ قالىدۇ .

△ كىشى ھەرقانداق ئىشنى كېڭەشسىز باشلىماسلىقى كېرەك .

△ ھەرقانداق ئوبدان مەسلىھەت كېڭەشتىن چىقىدۇ . ئۇنى پىنھان تۇتۇش كېرەك .

تۇپلىغۇچى : نۇرنىسا باقى

مۇھەررىرى : يۈسۈپ ئىسھاق

# خاسىيەتلىك سان توققۇز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

غەيرەتجان ئوسمان

ئىنسانلار تارىخىدا «ئۈچ توققۇز»
قاتار كەلگەن يىللار تالاي قېتىم بولغان .

خاسىيەتلىك سان «توققۇز» نىڭ تا-
رىخىي ناھايىتى ئۇزۇن . تارىخشۇناس ئى-
مىن تۇرسۇن ئەپەندى «دۇيۇ 735 ـ 818
يىللىرى ياشىغان تاڭ سۇلالىسى تارىخچى-
سى ) نىڭ ئىزاھى بويىچە بۇ دىلار 〈
توققۇزدىلار〉 ئىدى» دەيدۇ . ئىمىن تۇر-
سۇن ئەپەندى «تارىمدىن تامچە» ناملىق
كىتابىنىڭ 524ـ553ـ بەتلىرىدە بۇ جۈم-
لىگە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن : . . . دۇيۇ-
نىڭ پىكرىچە ، بۇلار توققۇز دىلار بولۇپ ،
لۇخۇندا ياشايتتى ، بۇ يەر چىن بىلەن جىند-
نىڭ ئارىلىقىدا ئىدى . . .

«خاسىيەتلىك توققۇز» نىڭ تارىخى
ئۇزۇن بولۇش بىلەن بىرگە ، قوللىنىشىمۇ
ئىزچىل بولغان . ئۇ نوقۇل سان ئۇقۇمى-
نىلا ئىپادىلەپ قالماستىن ، بەلكى ئىجتى-
مائىي ئېتىكىلىق چۈشەنچە ، فوكلورلۇق
قىممەت يارىتىپ بولۇپ ، بۇ نۇقتىنى تۆ-
ۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن چۈشەنگىلى بو-
لىدۇ .

«توققۇز» تولۇق ، مۇكەممەل ، پۈ-
تۈن ، ئۈيۈلتاشتەك ، ئىتتىپاق ـ ئىناق
قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن . ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەرقايسى تارىخىي
دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىت-
تىپاقى ، بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان قەبىلى-
لەرنىڭ بەزىلىرى ، كېيىنكى زاماندىكى
بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنى شە-
كىللەندۈرۈشكە ھەرخىل نىسبەتتە قاتناشقان
قانداش ۋە غەيرىي قانداش قەبىلە ـ قوۋم-
لەر ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولغان
قەۋملەر «توققۇز» سانى بىلەن ئېنىقلى-
نىپ ئاتىلىشنى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئاتاش
ئادىتى قىلغان . «توققۇز» سانى بىلەن ئې-
نىقلىنىپ كەلگەن قەبىلە بىرلەشمىسى ۋە
قەبىلە ناملىرى :

1 . «توققۇز مولار» بۇ يەردىكى 貉
(مو ) يەنە 貊 (مو ) شەكلىدىمۇ يېزىل-
غان . جاۋ ( 赵 ) «مېڭزى» ناملىق كى-
تابنى ئىزاھلاپ : «مولار شىمالدا ياشاي-
دۇ ، ئۇ يەر بەك سوغۇق ، زىرائەتلەر ئۆس-
مەيدۇ» دېگەن . جىڭ سىنۇك «شىمالدا
مودىلار بار» دەپ يازغان .① دېمەك ،
توققۇز مولار بىلەن دىلار قەدىمكى زاماندا
ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەر-
كىب تاپقان .

2 . «توققۇز گۈيفاڭلار» . شاڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە گۈيفاڭلار توققۇز ئۇرۇق
(قەبىلە ) دىن تەركىب تاپقان ھەم «گۈي-
فاڭ توققۇز ئۇرۇقلىرى» دەپ②
ئاتالغان .

3 . توققۇ تۇرك ــــ قەدىمكى تۇرك-
لەر يەنى كۆكتۈركلەرنىڭ بىر خىل ئاتى-
لىشى ، «كونا تاڭنامە جاڭ شياۋجۇڭ تەز-

---

① لۈسىمىيەن «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى» جۇڭگو بۈ-
يۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 115
ـ بەت .

② دۇەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلار ، تېلىلەر ۋە ئېگىز هار-
ۋىلىقلار» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى نەشرى ،
59 ـ بەت .

كىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە . جاڭ شياۋجۇڭ تەزكىرىسى» دە «توققۇز تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان . تۈركلەر مىلادىيە 552 ـ 744 ـ يىللىرى خانلىق تىكلەپ ئۆزىنى تۈركلەر دەپ ئاتاپ كۆچلەنگەن بىر مىللەت . 744ـ يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئوق قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ، بىر قىسىم قەبىلىلەر جەنۇبقا يۆتكىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا قارام بولغان ، يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر غەربكە كېتىپ قالغان . ئاساسلىق قەبىلىلىرى ئۇيغۇر نامى بىلەن ياشىغان . «توققۇز تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇچە ۋە باشقا تىللاردىكى ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، پارىژدىكى فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر «P • 1283» نومۇرلۇق بىر پارچە تۈبۈتچە ھۆججەت ساقلىنىۋاتقان بولۇپ ، بۇ 1908 ـ يىلى پېللىئوت ( P • Pelliot ) تەرىپىدىن دۇڭخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن . شۇ ھۆججەتتە ، ئەسلى «خورخانى» دەپ ئاتالغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ شىمالدىكى ئەللەرنى چارلاپ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بەش كىشىنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە چارلىغۇچىلارنىڭ خانغا بەرگەن مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن . ھۆججەت ئەسلى مىلادىيە VIII — IX ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ قارالغان بولۇپ ، ئۆز زامانىسىدا تۈبۈت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . بۇ ھۆججەتتە «توققۇز درۇگۇ (Toquzdrugu) » ئاتىلىدىغان ۋۇيىكار تۇتۇق (Wuyikar tutuq) » دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان . ئالىملار بۇ جۈملىدىكى «توققۇز درۇگۇ» نى «توققۇز تۈرك» ، «ۋۇيىكار ( Wuyikar tutq ) تۇتۇق »نى «ئۇيغۇر تۇتۇق» دېگەنلىك بولىدۇ ، دەپ قارىماقتا .①

4 . توققۇز تېلى . «كونا تاڭنامە . شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» تېلىلەر قىسمىدا مىلادىيە 646ـ يىلىدىكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن چاغدا «توققۇز تېلىلەر» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يەنە توققۇز قەبىلە ياكى توققۇز ئۇرۇق ، «توققۇز قەبىلىلىك تېلىلەر» دېگەن نامالارمۇ ئىشلىتىلگەن .

5 . توققۇز ئوغۇزلار . «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» (131 ـ بەت ) دا توققۇز ئوغۇزلارغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن : «توققۇز ئوغۇز ـ غەرب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىشى ، ئۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى Toguz Uguz ، ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر ، سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى توققۇز ئۇيغۇر (Toguz Ughur) نىڭ تەلەپپۇزدىكى ئۆزگىرىشى ئىدى . جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 420 ـ 581 ـ يىللار ـ ئا ) دىن كېيىنكى مەزگىللەردە توققۇز ئوغۇزلار بىلەن توققۇز ئۇيغۇرلار بىرلەشتى ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى ، موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا كۈچلەندى ، كېيىنچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى . شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەر تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى» . تۈرك ، ئۇيغۇر مەڭگۇ تاشلىرىدىمۇ «توققۇز ئوغۇز» نامى كۆپ تىلغا ئېلىنغان . مەسىلەن :

«توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ» ( «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» غەرب تەرەپ 9 ـ قۇر ) .

«توققۇز ئوغۇز بەگلىرى ، خەلقلىرى ، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئىشىتىڭلار» . ( «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» ، جەنۇب تەرەپ ، 2 ـ قۇر )

① ق . ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1986 ـيىلى نەشرى ، 188ـ 195 ـ بەتلەر .

«توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى كەلدى.» («بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي يۈزى 1 - قۇر، 14 - قۇر)

«توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ ...» («بايانچور مەڭگۈ تېشى»)

دېمەك، مەڭگۈ تاشلاردىكى «توققۇز ئوغۇز» - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

6. «توققۇز ئۇيغۇر». بۇ «توققۇز ئوغۇز» بىلەن بىر ئاتالغۇ.

7. توققۇز بايىرقۇ. بۇ قەبىلە كۆپ ھاللاردا بايىرقۇ (Bayirqu) دەپلا ئاتالغان، ئەسلى ھون قەبىلىسى بولۇپ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «拔也稽» دەپ يېزىلغان كېيىنچە تېلى، يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان. كونا، يېڭى «تاڭنامە» ۋە «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مۇھىم بايانلار» نىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «تاشقى توققۇز قەبىلە» ياكى «توققۇز تېلىلەر» (توققۇز ئۇيغۇرلار) نىڭ بىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن.

8. توققۇز ئىزگىل - توققۇز تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە «izgil» دەپلا ئاتالغان. «تارىخنامىلەر جەۋھىرى» 170 - جىلد «شاھلار جەمەتى. يىراقتىن كەلگەنلەر» ۋە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىقلاردا «توققۇز ئىزگىل» نامى تىلغا ئېلىنغان.

9. «توققۇز توڭرا» - تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. توڭرا (Tongra) نامى بىلەن دەسلەپ تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان. «تارىخنامىلەر جەۋھىرى» 971، 974 - جىلدلاردا، «كونا تاڭنامە» 97 - جىلدلاردا «توققۇز توڭرا» نامى تىلغا ئېلىنغان.

10. «9 باسمىل» - تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

11. توققۇز ئادىز - تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لاردا تىلغا ئېلىنغان «ئۇگۇر» لارنىڭ ئەۋلادى، دېگەن قاراش بار.

12. توققۇز بۆگۈ ياكى «توققۇز بارغۇت». توققۇز تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ قەبىلە «ئومۇمىي تەزكىرە» نىڭ 29 - جىلد «ئۇرۇقلار تەزكىرىسى» دە «توققۇز بۆگۈ» نامىدا خاتىرىلەنگەندىن باشقا، ئاساسەن «بۆگۈ» نامىدا تىلغا ئېلىندۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «توققۇز قىرغىز»، «توققۇز تاتار»، «توققۇز شاۋۇپ غۇزلىرى»، «توققۇز ياۋچىلار»، «توققۇز شىرۋېيلار» قاتارلىق ئاتالغۇلار ھەرقايسى تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 122 دىن ئارتۇق قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى يازغان بولسا، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى» بابىدا «ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئەردى... 120 ئۇرۇق (قەبىلە) ئەل ئىدى» دەپ يازغان. ئۇيغۇر (تېلى) قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بايىرقۇ، ئىزگىل، توڭرا، باسمىل، ئادىز، بۆگۈ قەبىلىلىرى ئۆزلىرى «توققۇز ئۇيغۇر» تەركىبىدە تۇرۇپ يەنە ئىتتىپاقلىق، غەلىبىنىڭ سىمۋولى بولغان «توققۇز» سانىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىغا قوشۇۋالغان.

تۆمۈرلەڭنىڭ تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىدا تۈركىي خەلقلەردە ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش ئادىتى بار، خۇدايتەئالا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياراتمىغان» دېگەن. «فراد-

كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر پارچە تۇبۇتچە هۆججەت» (نومۇرى : P • 1283 ) تە ئۇيغۇرلار «قوبۇقىغا توققۇز بايراق قادايدۇ» دېگەن جۈملىلەر بار . مەھمۇد قەشقەرى «تۇغ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ ، ئۇنى «تۇغ — بايراق . توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خاقان» دەپ تەبىر بەرگەن .① خوتەننىڭ قەدىمكى چاغدا «توققۇز خاقان» دېگەن نامىمۇ بولغان .②

«توققۇز قەبىلە» چۈشەنچىسى خانلىقلارنى توققۇز ۋەزىر ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە توققۇز ئەلچى تەيىن قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان . ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدە ئىچكى ۋەزىر ئۈچ نەپەر ، تاشقى ۋەزىر ئالتە نەپەر بولغان . بۇ خىل ئەنئەنە قوچۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان . مەسىلەن ، «سۇڭنامە . كۇسەن تەزكىرىسى» دە كۇسەنلىكلەرنىڭ «خانى ئارسلانخان دەپ ئاتىلىدۇ ، توققۇز ۋەزىر ئارقىلىق خانلىقنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن . «مايترى سىمىت» تىكى «ئون ئۇيغۇر ئېلى ، ئوتتۇز شاھزادە ئوغلانلىرى ، توققۇز ئەلچى ئەقلىدارى» دېگەن جۈملىدىن ئەينى زاماندا توققۇز ئەلچى بولىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن .

«توققۇز» ئالىي ، يۇقىرى ، ئۇلۇغ ، بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنغان . ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «ھېچ نەرسىنىڭ مەرتىۋىسى توققۇزدىن يۇقىرى بولماس ، چېكى توققۇزدۇر» دەپ يازغان . يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە توققۇز نەپەر پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان . چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بۇخېڭ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە : «ئۇيغۇرلار ساناقتا توققۇزنى بىرلىك قىلاتتى ، بىر توققۇز ، ئىككى توققۇز ۋە ئۈچ توققۇز دەپ ساناش قائىدە — يوسۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئىدى» دېگەن . قەدىمكى خانلار تەختكە چىقىدىغان چاغدا توققۇزنىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن . مەسىلەن ، كۆكتۈرك خاقانى تەختكە چىققاندا بەلگىلەنگەن مۇراسىم مەيدانىنى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرغاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان . ئۇيغۇر خانلىقىدا خاتۇنلار (خانىشلار ) خانلارنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار ئادەتتىكى ئاياللىق ياكى توقاللىقتىن خاتۇنلۇققا كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ۋەزىرى خاتۇننى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ «كۈننىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوردىنى توققۇز نۆۋەت ئايلانغان» دىن كېيىن خاتۇنلۇق ئۇتۇغاتى كۈچكە ئىگە بولغان .

موڭغۇللاردىمۇ خانلار سەلتەنەت تەختىگە چىققاندا توققۇزنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلانغان . دوسسۇن «موڭغۇل تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە ، چىڭگىزخان توققۇز دانە ئاق قوتازنىڭ قۇيرۇقىنى تۇغ قىلىپ تىكلەپ ، ياۋلى قەبىلىسىگە خېشىدىن ئەسىرگە ئالغان توققۇز ئەسىرنى تارتۇق قىلىپ ، توققۇز ئات ، توققۇز دانە كۈمۈش نوكچە ، ئاقچە ، قورالدىن توققۇزدىن تەييارلىغان ، موڭغۇللار يېڭى خان تەختكە چىققان چاغدا ئۇنىڭغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلغان .③

«توققۇز» كۆپ ، كەڭ ، نۇرغۇن ، تولۇق ، چوڭ دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال

---

① م . قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇلۇغەتىتتۈرك ) II توم ، 175 ـ 176 ـ بەتلەر . 1984 ـ يىلى نەشرى

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» 1985 ـ يىلى ، 1 ـ سان ، 145 ـ بەت ، ئۈرۈمچى

③ دوسان (ئەرمىنىيىلىك ) «موڭغۇل تارىخى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى ، 1962 ـ يىلى نەشرى ، I قىسىم ، 152 ـ 192 ـ بەتلەر .

قىلىنغان . مەھمۇد قەشقەرى : «خاننىڭ
قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپى-
يىپ كەتسىمۇ ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلسىمۇ ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ»
دېگەن . تارىخچى ئابدۇللا ئەھمىدى ئەپەندى-
نىڭ يېزىشىچە ، قۇمۇلدىكى قەدىمكى لاپ-
چۇق شەھىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا توققۇز
دەرۋازىسى بولغان ، ھازىرغىچە لاپچۇق
خەلقى توققۇز دەرۋازىنىڭ ئورنىنى « توق-
قۇز قوۋۇق » دەپ ئاتايدىكەن .①

توققۇز ئەرسەن — يەر ئىسمى (
«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا )

توققۇزاق — قەشقەر كونىشەھەر نا-
ھىيىسىنىڭ مەركىزى بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنى-
سى توغرىسىدا ھازىرچە ئۈچ خىل پەشمە
بار . توققۇز ئوق (توققۇز قەبىلە ) ،②توق-
قۇز ساق (توققۇز ساك )③ ۋە توققۇز ئاق
(توققۇز بوزلۇق ) دېگەنلەردىن ئىبارەت .

توققۇز ساراي — مارالۋېشى ناھىيى-
سىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى .

توققۇز ھۇجرا (ئۈچ بۇرھان ) قەشقەر
شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چاقماق دەرياسى
بويىدىكى بۇددا مىڭئۆي خارابىسى . بۇ يەر-
دە ئۈچ ئىشىكلىك ئىككىدىن ئالتە ئۆي
(ھۇجرا ) بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەر توق-
قۇز ھۇجرا دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان .

توققۇز قازناق — قەشقەر ئوپال
ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ شىمالىدىكى
ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ كۈنگەي تەرەپىدى-
كى مىڭئۆي ئىزىنى يەرلىك كىشىلەر مۇ-
شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ .

توققۇز بۇزرۇكۋارلىرىم ـ خوتەندىكى
ئىمام جەپپىرى سادىق مازىرىدىن 70 كى-
لومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى بىر ماراز .
ئۇ يەنە «توققۇز قىزلىرىم» دەپمۇ ئاتىلى-
دۇ .

توققۇزخان شەھىرى — خوتەندىكى
مەلىكە ئاۋات شەھىرىنى كىشىلەر مۇشۇ
نام بىلەنمۇ ئاتىغان . ئېيتىشلارغا قارىغان-
دا ، بۇ شەھەر 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە
ئىكەن .④

توققۇز قوۋۇق — قۇمۇلدىكى قە-
دىمكى شەھەر لاپچۇقنىڭ يەنە بىر خىل
ئاتىلىشى .

ئىلى توققۇز شەھىرى ـ چىڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە ئىلىدىكى ھەرقايسى جياڭ-
جۈنلەرنى باشقۇرىدىغان ئورۇن .

توققۇز بۇلاق — ئاقسۇ ئۇچتۇرپان
ناھىيە بازىرىدىكى بۇلاقلارنىڭ نامى .

توقسۇن — تۇرپان ئويمانلىقىدىكى
ناھىيە ئىسمى .

توققۇز تارا ـ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراش-
لىق ناھىيە ئىسمى . بۇ ئىسىمنى يەرلىك
خەلقلەر ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئاشۇ رايون-
نىڭ كەڭ ، سۇلۇق يەر ئىكەنلىكىنى ئىپا-
دە قىلىش ئۈچۈن توققۇز سانىنى قوللانغان .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار (مۇزىكا ۋە ئويۇن-
لارنىمۇ توققۇز سانى بىلەن باغلاپ ئاتى-
غان . مەسىلەن . ئە . ئالىپتېكىننىڭ
«ئۇيغۇر تۈركلىرى» (1978 ـ يىلى ،
ئىستانبول تۈركچە نەشرى ، 114 ـ بېتى )
ناملىق كىتابىدا توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مىلا-
دىيە VIII ئەسىرنىڭ ئالدى- ئارقىلىرىدا
توققۇز مۇزىكىسى بولغان ⑤دەپ يېزىل-
غان بولسا ، سىڭقۇ سېلىنىڭ تەرجىمە ئە-
سىرى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا :
«توققۇز باغ ئويۇن ئەتىزدۇردى» (توققۇز
قىسىم مۇزىكا چالدۇردى ) دېيىلگەن . قو-

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، 1985 ـ يىلى ، 1 ـ سان ، 2 ـ بەت .
② ئا . تۇردىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 193 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ .
③ ئا . خوجىنىڭ يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 1987 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ .
④ ئا . ناسىرى «ئۇيغۇرلار ۋە خاسىيەتلىك سان توققۇز» «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ، 1987 ـ يىلى ، 11 ـ سان ، 48 ـ بەت .
⑤ ② ھ . كېرەمنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 1998 ـ يىللىق توپلام سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىگە قاراڭ .

www.uyghurkitap.com

چۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «توققۇز باغ ئويۇن» (توققۇز قىسىملىق مۇزىكا) دېگەن ئاتالغۇ بولغان.

تارىخىي يازما ھۆججەتلەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا توققۇزنىڭ كۆپلۈك ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى باياناتلار بار. مەسىلەن:

«ئوغۇزنامە» دە: توققۇز كۈندىن كېيىن «ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى.»①

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: كۆل تېگىن «توققۇز ئەرنى ئەگىپ يۈرۈپ چېپىپ تاشلىدى»، «مايترى سىمىت» تە: «توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى»، «قۇتادغۇبىلىك» تە:

«ياشنىق ئۆرلەدى يەردە قۇپتى تۈغى،
ياقا كەلدى ئاشنۇ توققۇز ئال تۈغى»
(4893 ـ بېيىت) (قۇياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان، توققۇز رەڭدە ھال تۇغ يېقىنلاپ ھامان)②

«مەھدۇم ئەزەم» (مۇھەممەد ئېۋەر قاراقاشى ئەسىرى، ھىجرىيە 1241 ـ مىلادىيە 1819ـ 1820 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلگەن) دە، بۇ كىتاب: «... توققۇز ئەخلاق ...» تىن جەمئىي قىلىندى»

«... پادىشاھلار، ئۇلۇغ شەۋكەت ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋى ئىگىلىرى ئۆزئارا توققۇز ـ توققۇزدىن سوۋغا ـ سالام قىلىشىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلار بىر سەككىزنى‹ بىر توققۇز› دەپ ئاتايتتى. خان ۋە پادىشاھلار ھەتتا پۇقرالار ئاممىسى ياكى خوتۇنلار ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشلەرنى قىلىدىغان بولسا پەقەت سەككىز ناننى كۆتىرىپ بېرىپ، ئۇنى توققۇز دەپ ھېسابلايتتى، بۇنداق ئادەت موغۇلىستان (شىنجاڭ) يۇرتىدا تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.»③

«ئۆلگىن تەڭرى ئەپسانىسى» دا

«... ئۆلگىن تەڭرىنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىز بار...»④

«گۆر ئوغلى» داستانىدا:

«شەرتىمنى ئادا قىلمىسا، تۇلپار ئېتىمنى توققۇز يەردىن ئىبىل تارتىپ توقۇپ بەرسە، دېدى»؛ «گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادىمىيزاتتىن بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى»، «توققۇز قات شاھ كىيىم كىيدى»، «توققۇز خىل تاماق تەييارلاپ، ئالدىغا قويدى»؛ «شۇڭقارىغا توققۇز قاتار ئۆردەك ئالدۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى»، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ»، «ئوك يېنىدا توققۇز تۇمارى بار.»⑤

«خەلق ماقال ـ تەمسىل» لىرىدە:

«توققۇزى تەل بولماق».

«مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز.»

«بىرىشى توققۇز، ئېلىشى ئوتتۇز».

«تويغان يەرگە توققۇز قېتىم تەزىم قىل».

«توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەك تۇتماق».

«تېرىنى ئوتتۇز گەردىشىگە داپ بولدى،
مۇڭگۈزى توققۇز كەتمەنگە ساپ (بولدى)»

«خەلق چۆچەكلىرى» دە:

«... 90 ياشلىق كارۋان بوۋاي توققۇز قېچىر يۈك ئارتىپ، توققۇز ياشلىق نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، توققۇز سارايغا چۈشۈپتۇ، توققۇز قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، توققۇز تۈرلۈك غىزا بىلەن غىزالىنىپتۇ...»

«ھۆرى ـ پەرىلەر توققۇز قەۋەت ئاسماندا، توققۇز سارايدا، توققۇز ئىشىكلىك

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، (گېڭشىمىن، ت. ئايۇپ تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 54 ـ بەت
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1984 ـ يىلى نەشرى، 1008 ـ 1009 ـ بەتلەر.
③ موللا مۇساسايرامى «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
④ ئا. ئىنان (تۈركىيە) «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبول، 1976 ـ يىلى نەشرى، 20 ـ، 22ـ بەتلەر.
⑤ «ئەمىر گۆر ئوغلى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

قاتمۇقات خانىلەردە ، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلارمىش ، ئۇلار شۇنداق ئۇخلاپ ئويقۇغا قانغاندىن كېيىن توققۇز كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماسمىش . يۈزلىرىگە تارتقان چۈمپەردىلىرىمۇ توققۇز قەۋەتبولارمىش . »[1]

«خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» دە :

«يىگىت تەرەپتىن قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن توققۇز قېتىم تەزمگە بارىدۇ . . . قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قولايلىق جايدا ئارغامچا بىلەن ياكى گۇلخان يېقىپ ، يول توسۇپ ، قىزنىڭ كۆركىنى قىلىدۇ . يىگىت تەرەپ توققۇز غېرىچلىق قوي بەرگەندىلا ئاندىن يول ئېچىلىدۇ . . . قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ، يىگىتلەر قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىدۇ . . . توينىڭ توققۇزىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ . . . »[2]

«توققۇز» ـ ئۆلچەم ، مىزان ، بەلگىلىمە ، قائىدە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن . يەنى ، خانلار ، پۇقرالارنىڭ سوۋغات ئۆلچىمى ، ئىنئام ، مۇكاپات مىزانى ، جازا بەلگىلىمىسى ، ئىش ـ ھەرىكەت قائىدىسى قىلىنغان . دىنىي پائالىيەت قائىدىسىنىڭ ئادەت ئۆلچىمى بولغان . بۇ توغرۇلۇق ھەرخىل ماتېرىياللار بار .

«توققۇز» سانى نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ دەرىجىدە سىرلىقلاشتۇرۇلىدۇ ، ئۇنىڭ مەنبەيى نېمە ؟ بۇ توغرۇلۇق قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى :

1 ) توققۇز ئېقىن نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش . بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردىكى قاراش بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان XIII ئەسىرگە كەلگەندە راشىدىددىننىڭ «جامىئۇلتەۋارىخ» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن . بۇ كىتابتىكى بايان بويىچە : « . . ئۇيغۇرلار ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن . ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇتتاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن ، بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن ئون ئېقىن ، يەنە بىر جايدىن توققۇز دەريا ئېقىنى ئاقىدىكەن . ئون دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار ئون ئۇيغۇر ، توققۇز دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن »[3]

2 ) ساي نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش . بۇ ئەبۇلغازىنىڭ بايانىدىن كەلگەن . ئۇنىڭ خاتىرىلىگىنى بويىچە :

« . . . قەدىم ئۇيغۇر ئېلى شۇ سۇلار ئارىسىغا جايلاشقان ، ئون ساينىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر ، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئەردى » .[4]

3 ) قەدىمكى تۈركلەر (كۆكتۈركلەر ) نىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدىن كەلگەن دېگەن قاراش . تارىخشۇناس سېن جوڭمىيەن موڭغۇللار ئارىسىدىكى «توققۇز» غا ئائىت تارىخىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ كېلىپ ، شەرقىي شىمالدىكى مىللەتلەر تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ، مۇشۇنداق ئوخشاش ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن ، دەيدۇ .[5]

4 ) شەرقىدىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» دە ، ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش ئادىتى «موغۇلنىڭ توققۇز خانىدىن ئېلىنغان» دەپ يازغان . بۇ قاراش بويىچە موغۇللاردىن كەلگەن ، دېگەن قاراش كې-

---

[1] «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ، 1995 ـ يىلى ، 4ـ سان .

[2] «قومۇل نەزمىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى نەشرى .

[3] «جامىئۇلتە ۋارىخ» ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، كۆكخوت ، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 1 توم ، 2 ـ كىتاب

[4] «مىراس» ژۇرنىلى ، 1999 ـ يىلى ، 1ـ سان ، 43 ـ بەت

[5] سېن جوڭمىيەن «سۈي ، تاڭ تارىخى» جوڭخۇا نەشرىياتى ، بېيجىڭ ، 1982 ـ يىلى نەشرى ، 1 ـ قىسىم ، 23 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

لىپ چىقىدۇ .

5 ) ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» تە «خۇدايىتائالا ھەممە نەرسىنى مەرتىۋىسى بىلەن ياراتقان ، ھېچ نەرسىنىڭ مەرتىۋىسىنى توققۇزدىن يۇقىرى ياراتقان ئەمەس .» [1] دېگىنىگە قارىغاندا ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىسى بولغان بولىدۇ . دېمىسمۇ «قۇرئان» نىڭ «نەمىل» سۈرىسىنىڭ 12 ـ ئايىتىدە (بۇ) «مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر .» دېگەن جۈملىدە ئاللانىڭ توققۇز مۆجىزىسى تىلغا ئېلىنغان . [2] ئەمما ئوبۇلغازى يەزدىنىڭ «موغۇلنىڭ توققۇز خاندىن ئېلىنغان» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇ يەردە يەزدىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلىگەن ياكى ئىنكار قىلغان پوزىتسىيىسىنى بىلمەك تەس .

6 ) موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» (180 ـ بەت ) دە «بىر توققۇز ـ قەدىمدە موغۇلخانىنىڭ ئەۋلادىدىن سەككىزخان ناھايىتى زور پادىشاھ بولۇپ جاھاندىن ئۆتۈپ ، توققۇزىنچىسىغا كەلگەندە مەغلۇپ بولغان . شۇ چاغدا خانلارنى خاتىرىلەپ سەككىز سوۋغا ـ سالامنى بىر توققۇز دەپ ھېسابلىشاتتى» [3] دېگىنىگە قارىغاندا موغۇللاردىن كەلگەن ، دېگەن قاراشتا دەپ بىلگىلى بولىدۇ .

7 ) توققۇز ئوغۇز نامىدىن كەلگەن ، دېگەن قاراش . ھاۋاخان خوجا توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور رول ئويناپ ، يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان «توققۇز ئوغۇزلار» نى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن «توققۇز» دېگەن سانى مۇقەددەس بىلىپ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە سىڭدۇرگەن بولۇشى مۇمكىن ، [4] دەيدۇ ، بۇ خىل قاراشقا ئابدۇساتتار ناسىرى ئەپەندىمۇ ياندىشىپ پىكىر بايان قىلىدۇ . [5]

8 ) ھامىلىنىڭ توققۇز ئايدا تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، دېگەن قاراش . بۇنى مەھمۇد زەيدى ئەپەندى مۇنداق يازغان : قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار توققۇزلۇق سان تەرتىپىنى مۇستەھكەملىگەن بولسا كېرەك . ھامىلىنىڭ ئانا قورسىقىدا توققۇز ئايدا ۋايىغا يېتىشى ئاناتومىيە ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋاللارنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئىپتىدائىي ئادەم ئۈچۈن مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . [6]

9 ) بابىل ئاسترونومىيىسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراش . بۇنىمۇ مەھمۇد زەيدى ئەپەندى تىلغا ئالغان . ئۇنىڭ يېزىشىچە ، م . ب VI ئەسىرگە مەنسۇپ بابىل ئاسترونومىيە ھۆججەتلىرىدە «ئاي تەكرىسى ‹سىن› نىڭ قايتىش مۇددىتى 27 كۈن ، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ھېسابى ئۆلچىنىلدى» دېيىلگەن . مۇشۇ قائىدە بويىچە ، كېچىنى يورۇتقۇچى (ئاي تەكرىسىنىڭ ـ ئا ) 27 كۈنلۈك قىسمىغا ئاجرىلىشىنى ئاتلىغان قەدىمكى رىملىقلار ، گېرمان ۋە كېلىت (Kelit) قەبىلىلىرى توققۇز كۈنلۈك ھەپتە ھېسابىنى ئىشلەتكەن . . . كېچىنى يورۇتقۇچى تەكرىنىڭ ئۈچ ـ توققۇزدىن ئىبارەت قۇدرىتى توققۇز كۈنلۈك ھەپتە ۋە توققۇزلۇق ساناق سىسـ

---

① «مىراس» ژۇرنىلى ، 1999 ـ يىلى ،1ـسان 31 ـ بەت

② «قۇرئان كەرىم» ، (م . سالىھ تەرجىمە قىلغان ) مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى

③ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» ، 180 ـ بەت .

④ ھاۋاخان خوجىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ ساندىكى ماقالىسىگە قارالسۇن .

⑤ ئا . ناسىرىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 11 ـ ساندىكى ماقالىسىگە قارالسۇن .

⑥ م . زەيدىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 4 ـ ساندىكى ماقالىسىگە قارالسۇن .

تېمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ رەقەمگە ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەب بولغان بولسا كېرەك .

10 ) خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن كەلگەن دېگەن ، قاراش . لى شۇخۇي ئەپەندى «توققۇز» نىڭ تىل مەدەنىيىتىدە قوللىنىلىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىدىكى تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ، ھەرخىل مەدەنىيەتكە دائىر قوشۇمچە مەنا ئامىللىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاشلىقىغا قارىغاندا ، ئۇ خەنزۇ تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . . . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، تۈركىي تىلىدىكى مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزۇن ،① دەيدۇ .

11 ) ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەن- زاڭ تىللىرى سىستېمىسى تېخى بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دېگەن قاراش . لى يوڭ ئەپەندى ئۆز قارىشىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ : «توققۇز» رەقىمى مۇقەددەسلىككە ۋە بەختكە سىمۋول قىلىنغان بولغاچقا ، بۇ ئىككى خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد سېمانتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ماتىۋلىرى ھېسابلانغان . قەدىمكى دەۋرلەردە خەن - زاڭ تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى تېخى بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان (ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرگە توغرا كېلىدۇ ) . ئايرىلغاندىن كېيىن بولسا ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەردە «توققۇز» ئېتىقادچىلىقى بىردەك مىللىي ئەنئەنىسى بولۇپ قالغان . «توققۇز» قاتارلىق رەقەملەر خەن- زاڭ تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە ئورتاق ئەكس ئەتكەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈكى ۋە شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان سېمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەر بولۇپ ، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكى تەبىئىدۇر .②

12 ) توققۇزخان چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان ، دېگەن قاراش . بۇنى ئەمەت جېلىل ئەپەندى «توققۇز پىلىكلىك قارا چىراغ ئۇسۇلى» نىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلغاندا قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىكى 78 ياشلىق دېھقان ئىسھاق بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتتە بايان قىلغان . ئۇ مۇنداق : بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توققۇز خانلىق ئۆتۈپتىكەن . بۇ خانلار ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، ئەل - جامائەت ئىچىدە چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئىكەن . ئۇيغۇر خەلقى بۇ خانلىقنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن قارا چىراق ئۇسۇلىنى ئويناپ توققۇز پىلىكياقىدىكەن ، بىر دانە پىلىك بىر خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ يېقىلغان بولۇپ توققۇز خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ قارا چىراغ ئۇسۇلىنى ئوينايدىكەن .③

13 ) شامان دىنىدىن كېلىپ چىققان ، دېگەن قاراش . ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى «خاسىيەتلىك ‹توققۇز› سان چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەر گىلا خاس بولغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشى»④ بولۇپ « ‹توققۇز› نىڭ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى قەدىمكى ئالتاي قوۋملىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنى - شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .» بىزگە مەلۇمكى ، شامان ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە (كۆك ، پانىي ئالەم ، باقىي ئالەم ) بۆلۈنگەن . كۆك

① لى شۇخۇي «تۈركىي تىلىدىكى toquz سانىنىڭ مەدەنىيەتكە خاس مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ، خەنزۇچە ، 1998 - يىلى ، 4- سان .

② لى يوڭ «ئۇيغۇر مىللىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەئەلىك كېلىپ چىقىشى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە 1989 - يىلى ، 4 - سان 64 - بەت ۋە «مىراس» ژۇرنىلى ، 1996 - يىلى ، 4 - سان ، 64 -بەت ۋە 23 -بەت .

③ ئە . جېلىلنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىلى 4 - ساندىكى ماقالىسىگە قارالسۇن .

④ ئا . راخمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 - يىلى نەشرى ، 55 -بەت .

www.uyghurkitap.com

— ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي ئالەم — بەندىلەر ماكانى، باقىي ئالەم (جەھەننەم) — يامان روھلار (جىن — شەيتانلار) ماكانى دەپ قارالغان. «ئىلاھلار ماكانى» دەپ تەۋسىپ قىلىنغان كۆك (ئاسمان يەنە يەتتە سەييارە — يەتتە بەلەك ئېتىقادىغا كېڭىيىپ، كۆكنىڭ مەنىسى يەتتە ئىلاھ — يەتتە سەييارە — يەتتە پەلەك) نىڭ سۈپىتىگە ئالماشقان ياكى تەڭلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن شامانىزم ئېتىقادىدىكى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم ۋە كۆكنىڭ كونكرېت سۈپىتى بولغان يەتتە پەلەك (يەتتە قات ئاسمان قوشۇلۇپ، ئالەم يەنە شۇ توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان، دېگەن ئېپتىدائىي قاراش بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن. نەتىجىدە «توققۇز» نى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادى كېلىپ چىققان.)①

14) دېڭىزلار دىن كەلگەن دېگەن قاراش. يى شۇشيەن، تيەن داشيەنلەر ئوتتۇرا جۇڭگو خەنزۇ مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدىكى «مۇقەددەس سان توققۇز» چۈشەنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق گەنسۇ — چىڭخەي ئېگىزلىكىدە ياشىغان دېڭىزلارغا، ئاندىن مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا تەسىر قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن مىتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ شەرققە يېتىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.②

15) ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان چۈشەنچىسىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش. بۇنى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمدە «توققۇز» دىن ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان يوق ئىدى. دەرۋەقە، ساناق ئىلمىدە «ئون» دىن خىل سانمۇ يەنىلا شۇ توققۇز سان ئىچىدىكى سانلارنىڭ قايتىلىنىشى، دەپ ھېسابلايدۇ.③

16) تۇغلا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇنى ياڭ شىڭمىن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ توققۇز ئوغۇز نامىنى چۈشەندۈرگىنىدە، توققۇز «تۇغلا» (Tughla) دەرياسىنىڭ نامىغا باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇغلا دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «دۇلا» ياكى «توخۇلا» بولۇپ، بۇ تۈركىي تىلىدىكى «توققۇز» نىڭ ئاھاڭ (تەلەپپۇزى ئىدى — ئا). (يەنى) تۇغلا دەرياسى دېگەن سۆز دەل «توققۇز دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تېلىلار ئىچىدە توققۇزغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار ئىدى،① دەپ ھېسابلىغان. بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاساسلىرى ۋە سەۋەبلىرى بار.

توققۇز ئوغۇز 〈ئۇيغۇر〉 بولسا مىلادىيىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ نام تارىخىي ھۆججەتلەردە كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن، «توققۇز» نامى قوشۇلغان قوۋملەر بولغان. تۈركلەردىن موڭغۇللارغا، موڭغۇللاردىن تۈركلەرگە ئۆتكەن دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ بىر زىددىيەتلىك قاراش. بابىللىقلاردىن كەلگەن دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بابىللىقلاردا بۇ خىل قاراش بار چاغدا شەرق خەلقلىرىدىمۇ ۋە باشقىلاردىمۇ بار ئىدى. شامان دىنىدىن كېلىپ چىققان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن ھازىرقى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، شامان دىنى ئومۇمىي تۇس ئېلىشتىن ئىلگىرىلا توققۇزنىڭ سىرلىقلىقى نامايان بولۇپ بولغان؛ خەنزۇلار، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكىلەر ۋە بابىللىقلار ھەم غەرب مىللەتلىرى شامان دىنىد-

① ئا. راخمان «تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىل 2 - سان، 41 - بەت.

② يى شۇشيەن، تيەن داشيەن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى سىرلىق سانلار» (ئىجتىمائىي پەن ھۆججەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 223، 224 - بەتلەر)

③ ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 - يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 3 - بەت

غا ئېتىقاد قىلمايدۇ . يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايرىم قاراشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بەزىلىرىدىن پادىلىنىشقا بولىدۇ . يەنى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىزدىنىشلىرى بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە .

مەلۇمكى ، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا مۇرەككەپ سانلار ئۇقۇمى بولمىغان . دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدا 10 ئىچىدىكى سان ئاساس قىلىنغان . يەنى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ دەسلەپ بارمىقى بىلەن ساناق سانايتتى .يەنى ئىنسانلار ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرسە ئون بولىدىغانلىقىنى ، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ھەممىسى ئوندىن كېيىن كەلگەندە تەكرارلىنىدىغانلىقىنى ، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ئىچىدە توققۇز سانى ئەڭ چوڭ سان ئىكەنلىكىنى بايقىدى . بۇ خىل بايقاش جەريانىدا يەنە ھەرقايسى خەلقلەردە 1 ، 3 ، 7 ، 9 دىن ئىبارەت تاق سانلارنى سىرلىق سان دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ شەكىللىنىپ بولغان . بۇ خىل تاق سانلارنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلىشىدا بۆلۈنمەس سان ئىكەنلىكى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان . يەنى بۇ سانلار تەڭ نىسبەتتە پۈتۈن بۆلۈنمەيدۇ . دېمەك ، «توققۇز» تەكرارلانماس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى ، يەنە بىرى تەڭ نىسبەتتە بۆلۈنمەس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە خاسىيەتلىك ساندىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە بولغان . بۇ خىل مەدەنىيەت ئامىلىغا چوڭ ، ئۇلۇغ ، كەڭ مۇكەممەل ، پۈتۈن ، مۇقەددەس ، ئۇتۇق ، دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ، كېيىنچە ، شانۇ شەۋكەت ، ئىنئام ، ئۆلچەم ۋەمىزان دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ مۇجەسسەم قىلىنغان . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن «خاسىيەتلىك سان توققۇز» دىكى چوڭ ۋە پۈتۈن ئۇقۇمى ھەرقايسى دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بارغانسېرى مەزمۇن جەھەتتىن تاكامۇللاشقان . ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىككى قولى ، ئون بارمىقى بولغانلىقى ئەقەللىي ساۋات . ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قەدىمكى زاماندا مۇشۇ ئىككى قولى ئارقىلىق ئون سان ئىچىدىكى ئىپتىدائىي ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ھەم ئۇنىڭ قوشۇمچە ئىچىدىكى سانلارنىڭ ئەمەلىي رولى ۋە سېمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەرنى ئايرىپ چىقىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك چۈشەنچىلىرىنى مەركەزلىك يوسۇندا ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان . مەدەنىيەت دەۋرگە كەلگەن چاغدا ، ھەرقايسى خەلقلەردە ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۆپىيىشكە ئەگىشىپ ، خاسىيەتلىك سانلاردىكى ئىلغار تەركىبلەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ ، بىر- بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلاپ ، سىستېمىلاشقان ھەم رايون خاراكتېرگە ۋە مىللىي خاراكتېرگە ئىگە خاسىيەتلىك سان چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن .

ئۇيغۇر ئارىسىدىكى «خاسىيەتلىك سان توققۇز» ئۇزاق تارىخي ، ئىجتىمائىي ئاساس ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە . تارىختىن بېرى ئۇ خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى ھېسابات ئېھتىياجىدىن ئۇنۇملۇك چىققاندىن باشقا ، خاسىيەتلىك ۋە قۇتلۇق بىر سان بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى خاسلىققا ئىگە قىلىشتا ، خەلق روھىتىنى جانلاندۇرۇشتا ، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەرنى نامايەن قىلىشتا ئۆزىگە خاس رول ئوينىغان ، شۇڭا ، بۇ سان ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رېئال ۋە تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى

مۇھەررىرى : **يۇسۇپ ئىسھاق**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# * ماقال ـ تەمسىللەر *

△ ئات هارسا ئېغىل ياخشى ، پاتقاقتا شېغىل (ياخشى ) .

△ ياخشى دوست يولدا سىنىلار ، ئۆزـ كۈر قىلىچ قولدا (سىنىلار ) .

△ ئۆستەڭ يارىشىقى تال ، ئايىنىڭ يارىشىقى خال .

△ گۈزەل يولدا قويار ، قاراقچى چۆلدە (قويار ) .

△ ئاشىقنىڭ قەدرىنى دىلبەر بىلەر .

△ شەيتاندىنمۇ ئادىمىي شەيتان ياماـ راق .

△ ئامەت بىلەن ئاپەت بىر تۇغقان .

△ يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق .

△ بۆرىدىن قورققان تاغقا چىقماس .

△ ئىتتىن قورققان ، كۈچۈكتىن چۆچىيدۇ .

△ ياخشىدىن جاپا كەلمەس ، ياماندىن ۋاپا كەلمەس .

△ ئۆلۈشتىن قورۇقماي ، ئۆلەرمەن بولۇشتىن قورۇق .

△ هىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ سىـ رىقى چىقماس .

△ ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس ، ياردەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس .

△ دۈشمەننى سەل چاغلىساڭ بېشىڭغا چىقار .

△ بىر قاغىنىڭ كەلگىنى بىلەن قىش بولماس .

△ بىر ئىشكنى قويۇش ئۈچۈن يۈز ئىشكنى كۆر .

△ بەختنىڭ بەلگىسى بىلىمدۇر .

△ قورۇققانغا قوينىڭ بېشىمۇ قوش كۆرىنەر .

△ ئۆۋچى قانچە هىيلە بىلسە ، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلەر .

△ بەلگە بولسا يولدىن ئاداشماس ، بىلىم بولسا سۆزدىن (ئاداشماس ) .

△ ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى بولماس ، ئاتنىڭ تەپمەيدىغىنى (بولماس ) .

△ تۇتۇنسىز ئوت بولماس ، ياراقسىز يىگىت (بولماس ) .

△ بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە ، بېشىغا قۇم ياغار .

△ تېرەك ئۈچىغا شامال تېگەر ، ياخشى ئادەمگە سۆز (تېگەر ) .

△ ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس .

△ كۆكنى كۆرۈپ ، كۆكسىڭنى كېـ رىمە .

△ دۈشمىنىڭ چاشقانچە بولسا ، كۆـ چۈڭ يولۋاسچە بولسۇن .

△ تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال .

تويلىغۇچى : **مەھەممەتجان مورـ تىزا** (ئۈچتۇرپان ئاقيارغۇللۇق مەكتەپـ تىن )

مۇھەررىرى : **نۇرنىسا باقى**

# ھېكمەتلەر

△ ئىلىم ـ پەندىن غالىب تۇرىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق . بىلىم زالىمنىڭ قامچىسىنى سۇندۇرالايدۇ .

△ نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەڭلىمىسى ھالەك بولۇش .

△ تىز پۈكۈش شەرمەندىلىك ، مەردلىك ـ ئەركىنلىكنىڭ شان ـ شەرىپى .

△ قانائەت ۋە كىبىر ئالغا بېسىش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭ ، قانائەت قىلىش ـ چېكىنىش دېگەن سۆز .

△ ئىلىم ۋە ئىجادىيەتنىڭ چېكى يوق ، ئۇ بىپايان كەڭ دېڭىز ، بىزنىڭ ياراتقىنىمىز پەقەت ئۇنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت .

△ ئىقتىدار ۋە تالانت بولسا ئىجتىھاتنىڭ پەرزەنتى . ئىجتىھاتنىڭ بىر مەنبەسى بار ، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت .

△ مۇھەببەت ـ ئىنسان روھىنىڭ جەۋھىرى ، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يۈكسەك ئۆلچىمى ، بىراق ئۇ ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئۆلچەنگەندىلا مەڭگۈ چاقناپ ، نۇر چېچىپ تۇرىدۇ .

△ ھايات كىتابىنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە ياشلىق ئەزىز ، ھايات قىممەتلىك ، دەپ يېزىپ قويۇلغان ، لېكىن ھاياتتا قارىغۇ مۇھەببەت قېيىقىدا ئۈزگۈچىلەر نەپرەتلىك ئىبرەتلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ ، خالاس .

△ شانلىق ئۆلگىلەر ـ غايىلىك مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى .

△ غايىلىك ئىنسان ئۆلۈش ئۈچۈن ياشىمايدۇ ، ئەكسىچە ياشاش ئۈچۈن ئۆلىدۇ .

△ غايە ـ ئىنسان قەلبىگە يېقىلغان نۇرلۇق مەشئەل .

△ ھاياتنىڭ زىننىتى ـ ھايات ئۈچۈن توغرا تەپەككۇر قىلىشتا ، تۇرمۇشنىڭ ھەققىي ئۆلپىتى ـ ئاق كۆڭۈل بولۇشتا .

△ تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نەرسە ، سەن ئۇنىڭغا قانچىلىك بويسۇنغانسېرى ئۇ سېنى تېخىمۇ قاتتىق قىينايدۇ ۋە ئازابلايدۇ . ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلساڭ ئۇ ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ .

△ ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشايدۇ . بىراق باشقىلارنى بەختسىز قىلىش ھېسابىغا بەختلىك بولۇش ، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىك .

△ ھايات ـ ئۇ ئاجايىپ قىيىن سوئاللار بىلەن كىشىلەردىن ئىمتىھان ئالىدۇ . ئاشۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن كىشىلا ھاياتنى ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تېپىپ ياشىيالايدۇ .

△ ھايات چېكى يوق پەلەمپەي ، ئىنسان شۇ پەلەمپەينىڭ كارىدورى ، بەزىلەرنىڭ قەبرىسى شۇ پەلەمپەيدە ، بەزىلەرنىڭ بولسا لەھەتتە .

△ ئادەم يىقىلغاندا قولىدىكى ئالتۇندىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، لېكىن تېپىشنى بىلسە ، دەل شۇ يىقىلغان جايدىن يەنە كۆپلىگەن يېڭى ئالتۇنلارغا ئېرىشەلەيدۇ .

△ ھايات خۇددى ئالتۇن تارلىق راۋابقا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدىن قايغۇ ـ ئەلەمنىڭ ھەسرەتلىك مۇڭىمۇ ، بەختنىڭ شادىيانە كۈلكىسىمۇ ياڭرايدۇ .

△ ئىرادە جاپالىق شارائىتتا بىخ سۈرىدۇ ، كۈچىيىدۇ ۋە مېۋە بېرىدۇ .

△ ئەقىل ـ سېنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان قانات ، تەلەپچانلىق بىلەن قەتئىيلىك شۇ قاناتقا بېرىلىدىغان كۈچنىڭ مەنبەسى .

△ باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلىك ئەمە-

www.uyghurkitap.com

لىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

△ باشقىلار مېنى تىللاۋاتىدۇ دەپ قارىغۇچى، جەزمەنكى ئەيىبلىك كىشى.

△ شەيتان ساڭا ئەقىل ئۆگىتىدۇ. سەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشنى تۆگەتكەندە بولسا، «كۆردۈڭلارمۇ، ماۋۇ ساراڭنى» دەپ، كەينىڭدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ...

توپلىغۇچى: مەھەممەتجان مۆرتىزا (ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزا غۇللۇق مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى

## (چۆچەك)

بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۆمرىدە راست گەپ قىلىپ باقمىغان بىر يالغانچى ئادەم ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئادەم ئاغرىپ قېلىپ، تالا ـ تۈزلەرگە چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم بالىسىغا:

— ئەگەر بىرەرسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا يوق دېگىن. ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ جېكىلەپتۇ ۋە تېۋىپقىمۇ كۆرۈنمەستىن، ئۆيدە يېتىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

بۇ يۇرتتا نام ـ شۆھرىتى باشقا جايلارغا كەڭ تارقالغان بىر ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق كېسەلنى ساقايتىشقا ماھىر، كىشىلەرنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇشنى پەرىز ھېسابلايدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ نەدە كېسەل بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، ھەق سورىماستۇرمەي داۋالايدىكەن. بىر كۈنى بۇ تېۋىپ ھېلىقى يالغانچى كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، يالغانچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ. يالغانچى:

— ئوغلۇم بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەگەر مېنى سورىسا ئۆيدە يوق دېگىن، — دەپتۇ. ئوغۇل چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. تېۋىپ:

— بالام، داداڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

— دادام ئۇزۇندىن بېرى كېسەللىك بىلەن ياتقانىدى. بۈگۈن بىر ئاز ياخشىلانغانلىقتىن بازارغا بېرىپ كېلەي دەپ كەتتى، — دەپتۇ. تېۋىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يالغانچى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئوغلى يىغلاپ دادىسىنىڭ كېپىنگە كىرىپ يالغان سۆزلىگىنىگە ناھايىتى پۇشايمان قىلىپتۇ. يالغانچىلىقنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈشىگە ھەم ئۆزىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ، راستچىل ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلاپتۇ.

توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا 10 ـ كەنت 8 ـ مەھەللە)

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# ئۇيغۇرلاردىكى تىلەك تىلەش ئادەتلىرى توغرىسىدا

ئايگۈل ئابلا

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئورتاق گەۋدىدىن ئىبارەت . شۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىرقەدەر مۇقىملىققا ئىگە بولغان ، مىللىي خۇسۇسىيەتلەر روشەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى ئۆرپ - ئادەتتۇر . جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش ئادىتى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بىۋاستە ، جانلىق ، يارقىن ئىپادىلىرىنىڭ بىرىدۇر .

تىلەك تىلەش ئاساسەن — ھېيت - بايرام كۈنلىرى ۋە توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى قاتارلىق ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەردە ، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ ، بەخت تىلەش ، ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىش ، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . تىلەك تىلەش بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەردە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، كەيپىياتنى جۇشقۇنلاشتۇرۇپ ، سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ .

تىلەك تىلەش سۆزلىرى تىلەك ئادەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان سۆز - ئىبارىلەر بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىدە ، بولۇپمۇ فولكلور پائالىيەتلىرىدە ئوخشىتىش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ گۈزەل ئۈمىد - ئىستەكلەرنى ئىپادىلەپ ، بەخت - ئامەت ، خەير - ئېھسان ، نىجاتلىق ، غەلىبە ، شادلىق تىلەشتىن ئىبارەت «قۇت» سۆزلىرىگە قارىتىلغان . «قۇت» قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسى (ھۆكۈمراندا ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان . . . شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىدە ۋە مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ كونا ئادەتكە بەكرەك مايىل گۇرۇھلىرىدا «قۇت» سۆزى مۇقەددەس روھ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان . يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن خەلقىمىزنىڭ تىلەك تىلەش ئادەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلاردىن كېيىنكى قالدۇقلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قۇت» سۆزى بىرنەچچە جايدا ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «بېگىم ئۆزدىنى دالدىغا ئالدى . بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلدى ، ئۇلۇغ تەڭرى ئەزىزلىدى ، شۇنىڭ بىلەن قۇتى تۇغۇلدى» ، «قۇت بەرسە ئىگەم قولىغا ، كۈندە ئىشى يۈكسىلىپ يۇقىرى ئۆرلەر» ، «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا قۇت تاپار» ، «قۇت بەلگىسى - بىلىم» دېگەندەك مىساللارنى خېلى كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە «قۇت» سۆزى پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللىتىنىڭ، دۆلىتىنىڭ بەخت - سائادىتى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش قاراشلىرى ئۇيغۇر پەلسەپۋى خاراكتېرىنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىدا تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرىغا ئاساسلانغان هالدا شەكىللىنىپ، كېيىنچە تەڭرىنىڭ شەپقەت ئىلتىپاتى ۋە ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى ۋە تىرىشچانلىقى ئاساسىدا تىلەككە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشقا تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تىلەك تىلەش ئادىتى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تىلەك تىلەش - توي تەبرىكلەش، پەرزەنت تىلەش، ئىسىم قويۇش، بۆشۈك تويى، خەتنە تويى، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، تەڭرىگە سېغىنىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ماقالىدا ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەم ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان توي مۇراسىمىدىكى تىلەك ئادەتلىرى ۋە تىلەك سۆزلىرى توغرىسىدىكى يۈزەكى پىكىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

توي مۇراسىمى — ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. توي — ئائىلە نەسەبىنىڭ شەكىللىنىشى، داۋاملىشىشى، تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ تۈپكى كاپالىتى. «ئىنسان ئۆمرىدىكى مۇراسىملارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە داۋاملىشىشىدىن قارىغاندا، توي مۇراسىمىنىڭ شەكلى ۋە قائىدە-يوسۇنى ئەڭ مۇستەھكەم بولۇپ، ۋارىسچانلىقىمۇ ئەڭ ئۇزۇندۇر.» ئەجدادلىرىمىزنىڭ توي تىلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر قەدىمكى يازما مەنبەلەردە خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن. نەزەرىمىزنى تۆۋەندىكى قوشاققا ئاغدۇرايلى:

«ۋاي كەلدى بەگقۇلى دېگەندە ئانا،
بوۋاقنىڭ يىغىسى توختايدۇ شۇئان.
دېيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
بولسىكەن يىگىتىم بەگقۇلىسمان.»②

بۇ قوشاق 4 - ئەسىرلەردىكى قاڭقىل كۆلۈگ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بەگقۇلى جوجان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تولۇنغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تولۇننى مەغلۇپ قىلغانلىقىدەك تارىخىي ۋەقەنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىشى بولۇپ، توي قىلىدىغان قىزلارنىڭ ئۆزى تەگمەكچى بولغان يىگىتنىڭ باتۇر، مەرد بولۇشىنى تىلەش پسىخىكىسىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ئىنكاسى.

مىلادى 765 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋەت باشلاندى. ئۇيغۇر قاغانلىرى بىرنەچچە نۆۋەت تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىنى ئەمرىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە 821 - يىلى پادىشاھ تاڭ سۈزۇڭنىڭ قىزى تەيخې مەلىكىنى كۈن تەڭرىدە بولمىش كۈلۈك كۈچلۈك بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بايان ئەڭ گەۋدىلىك. «قاغان خەيرلىك ۋاقىتنى تاللاپ، مەلىكىنى قاتۇن (خانىش) لۇققا كۆتۈرگەن. قاغان ئالدى بىلەن راۋاققا چىقىپ شەرققە قاراپ ئولتۇرغان. راۋاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تىكىلگەن پادىشاھنىڭ خاس چېدىرى ئىچىدە مە-

لىكە ئوردا ئۇستازىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىم ئادىتىنى مەشىق قىلغان . ئاندىن مەلىكە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭ پاسونىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۇيغۇرچە كىيىنگەن . بۇ مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قاتۇن تەختىراۋاندىن چۈشۈپ راۋاقتا چىقاتتى ۋە قاغان بىلەن يانمۇ يان شەرققە قاراپ ئولتۇراتتى . بۇ ۋاقىتتا ۋەزىرلەر تەزىمگە كىرىپ قاغانغا ۋە قاتۇنغا بەخت ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيتتى .»③

شامانىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار توي قىلغاندا تويى بولىدىغان يىگىت بىلەن قىز ئايرىم ـ ئايرىم ئاتلىق ئىككى سەپ بولۇپ توي مەيدانىغا يىغىلىدۇ . مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارچا ياغىچىدىن گۈلخان يېقىلغاندىن كېيىن شامان بۇ يەرگە كېلىپ ئەتراپقا قىمىز چېچىپ توي قىلغانلارغا ئۇتۇق ۋە بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ . قىز بىلەن يىگىت ئاتلىق گۈلخاندىن ئاتلايدۇ .

ھازىر داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىدە يىگىت بىلەن قىز تەرەپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە «ئاش سۈيى» ئاپىرىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇز ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ، بۇ قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنى ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى تىلىگەنلىك بولىدۇ . ئۇيغۇرلار توي قىلغاندا يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە بېرىدىغان تويلۇقى ئىچىدە ق تۇز بولۇشى شەرت . بۇ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ، تۇرمۇشىنىڭ پاك ، بەختىيار ئۆتۈشىنى تىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا توي كۈنى سەھەردە قىزنىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئىشى بېجىرىلىدۇ . نىكاھدا يىگىت بىلەن قىز قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇزغا چىلانغان ناننى تالىشىپ يەيدۇ . بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى ئۆمۈرلۈك بولسۇن ، بېشى ئاقىرىپ ، چىشى سارغايغىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتسۇن ، تۇرمۇشى بەختىيارلىققا چۆمسۇن ، دېگەن تىلەكنى ئىپادىلەيدۇ .

توينىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يۇرت ـ مەھەللىسىنى تويغا چاقىرىدۇ . بۇ «يۈز ئاچقۇ» دېيىلىدۇ . بۇ كۈنى قىز تەرەپتىن ئاش ـ مانتا قاتارلىق نازۇ نېمەتلەر ئىسسىق پېتى ئېلىپ كېلىنىدۇ . بۇ «ئىسسىقلىق» دېيىلىدۇ . بۇ ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇشىنى تىلەشنى مەقسەت قىلغان تىلەك ئادىتىدۇر . توي ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ . قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي مۇراسىمىدا «يۈز ئاچقۇ» كۈنى قىزنى تۆرگە ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە سىنچاي كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ قىز ئۈچۈن تەييارلىغان زىبۇ زىننەت ، كىيىم ـ كېچەكلەر پەتنۇسلارغا تىزىلىپ شىرەگە قويۇلۇپ مېھمانلارغا كۆرسىتىلىدۇ . يىگىت ـ قىز ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى قارشى تەرەپنى تەرىپلەپ ۋە يىگىت ـ قىزنىڭ بەختىنى تىلەپ بېيىت ئوقۇيدۇ .

«بازارلاردىن ئات ئالدۇق ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساغرىسى ئالا .
يۇقىرى مەھەلىدىن قىز ئالدۇق ،
ئالتۇندەك بالا .

بىرى لەيلى ، بىر سەبدە
قاملىشىپ قالار .
قاچۇرنىڭ يىلمىدەك
يېپىشىپ قالار .

ئەتىگەن قوپار بولغاي ،
تۆگلۈك ئاچار بولغاي ،
توققۇز ئوغۇللۇق ، بىر قىزلىق بولغاي ،
قونادا قويلۇق بولغاي ،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي ،
ئۈچى تۈزارغاي ، تۆۋى يېيىلغاي ،
قۇدۇقتا تاش چۆشكەندەك بولغاي ،
قاچۇرا يىلمىدەك يېپىشقاي ،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي .

ئىگىز - ئىگىز دەرەخلەر ،
ئېگىلگىچان بولسا .
قىزىل - قىزىل يوپۇرماقى
تۆكۈلگىچان بولسا .

بىر ياخشىغا بىرياماننى
بۇيرىماس بولسا .
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا ،
ئايرىلماس بولسا .

بالام قىلسىلا گۈلدەككىنە ،
بويى قىرچىن تالدەككىنە .
كىشى كۆرسە ئايدەككىنە ،
خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە .

قارلىق تاغدىن سۇلار چۈشتى ،
باغداش ئاربلاپ .
ئەمدىگىنە تويلار بولدى ،
بوستان ئاربلاپ .

ئانچە تولا بىراق ئەمەس
بوستان ئاراسى .
مۇندىن كېيىن يېقىن ئۆتسۇن
ئىككى قۇدا بالاسى .

باغقا كىرىپ گۈلنى ئۈزدۈك ،
ئاربلاپيەي - ئاربلاپ .
ئىككى قۇدا توي قىلىشتىلا ،
بىر - بىرلىرىنى خالاپ .

گۈلنىڭ ئېتى گۈل غۇنچە ،
تۆگۈن بولۇپ ئېچىلغۇنچە .
ئىككى قۇدا توي قىلىپتۇ
مۇرادىغا يەتكۈنچە .

ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىدىكى توي تىلەكلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن سۆز ئىبارىلەر ئۆرپ - ئادەت تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە . تىلەك تىلەش ئادىتى ۋە تىلەك سۆز ئىبارىلىرى ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق بولۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە باغلىنىشلىق بولغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى گۈزەللىك ، ياخشىلىق توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە مەنىۋى تەلپۈنۈشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئىزاھات :

① ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر خولكلورى ھەققىدە بايان» شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى ، 1989 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى ، 358 - بەت

② «يېڭى تاڭناسە . ئويغۇرلار تەركىرىسى»

③ «قومۇل نەزمىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل 1 - نەشرى ، 547 - ، 578 - بەت پايدىلانغان ماتېرىياللار .

1 . ئابدۇشكۇر مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇرچە بىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھەت قاراشلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» (پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1990 - يىللىق 1- سان )
2 . قۇربان تۇران «قادىمكى ئۇيغۇر-

لارنىڭ توي ۋە نىكاھ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» «مىراس» ژورنىلى يىلىق 1 ـ سان .

3 . بەختىيار باھاۋۇدۇن «تۆزنى ئۇ-لۇقلاش ئادىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدى-نىش» «مىراس» ژورنىلى يىللىق 3 ـ سان .

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانـ-تى )

مۇھەررىرى : يۈسۈپ ئىسھاق

## «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئاپتورلىرى ۋە ھېرىسمەن مۇشتە-رىلىرى ! ژۇرنىلىمىز خادىملىرى ھەممىڭىزلا-رنىڭ يېڭى يىلىڭىزلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە سىزلەرگە سەممىي سالام يوللايدۇ . «بۇ-لاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرى-پىدىن 1980 ـ يىلدىن باشلاپ رەسمىي چىـ-قىرىلىشقا باشلىغانىدى . ھازىر 20 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . 21 ـ يىلغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ جەرياندا «بۇلا-ق» ژۇرنىلى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە ، تىرىشچان ئاپتورلار قوشۇنىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى ، كەڭ مۇشتەرى ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە ، ئەسلىدىكى قەرەل-سىز مەجمۇئەدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنالغا ئايلاندى . «بۇلاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىدارىسى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تارقاتقان 299 ـ نومۇرلۇق ئوقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاسا-سەن ، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ قوش ئايلىق ژۇرنال قىلىپ نەشر قىلىنىدۇ . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنار-لىق ۋەقە . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلى-مىزنىڭ سەھىپىلىرى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ ، مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ .ئەگەر ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ھۇزۇر ئالاي ،ئاتا-بوۋىلارنىڭ دۇنيا خەلقلىرى ئارىسىدا نامايان بولغان ئەقىل ـ ئىدراك ۋە مەدەنىيەت ساپاسىدىن ئۈلگە ، ئىپتىخار ۋە غۇ-رۇر ئالاي ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇراي دېسىڭىز ، ئۆزد-ڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتە-رى بولغايسىز . تەھرىر بۆلۈمىمىزگە قىزغىند-لىق بىلەن ئەسەر ئەۋەتكەيسىز . «بۇلاق» ژۇرنىلىنى قەدىرلەپ ساقلاپ ، كېيىنكى ئەۋ-لادلىرىڭىزغا تەۋەررۈك مىراس سۈپىتىدە قال-دۇرغايسىز . بۇلار يەنە نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ بارالىسا ، بۇ بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بەختىمىز ، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ بەختى !

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 108 ـ 58 ، يەككە باھاسى : 4:50 يۈەن ، يېرىم يىللىق باھاسى : 13.50 يۈەن ، پۈتۈن يىللىق باھاسى : 27.00 يۈەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دەردى ئەسرار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاق تاغنىڭ ئۇ يېقىندا، كۆك تاغنىڭ بۇ يېقىندا، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، تەقۋادار بىر موللا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ لەيلىخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. قىز ئانىسىدىن كىچىك قالغان بولۇپ، موللا قىزىنى ئۆزى بېقىپ، ئىلىم بېرىپ چوڭ قىلىپتۇ. قىز ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە موللا بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپتۇ. موللام قىزىنى ئېلىپ باراي دېسە، ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۇنى ئۆيگە قارىغاچ مەھەللىدىكى ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ تۇرسۇن، دېگەن قارارغا كەپتۇ ـ دە، قىزىنى ئاخۇنۇمغا ئوقۇشقا بېرىپ قويۇپ، ئۆزى يولغا چىقىپتۇ.

موللا سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لەيلىخان ھەركۈنى ئاخۇنۇمنىڭكىگە بېرىپ ساۋاق ئاپتۇ. بىراق ئاخۇنۇمنىڭ موللام بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، باشقا بالىلارنى يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇپ، لەيلىخاننى پەگاھدا ئولتۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇپتۇ. لەيلىخان بۇ خورلۇققا چىدىماي يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرگەن كۈنلەردە دادىسى قايتىپ كەپتۇ ۋە قىزىدىن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇقۇپتۇ. موللام:

— قىزىم، ئەمدى سېنى ئوبدانراق مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتمىسام بولمىغۇدەك. مەھەللىمىزگە يېقىن يەردە تونۇش ئاخۇنۇملار مەكتەپ ئېچىپتۇ، مەن سېنى شۇلاردىن بىرىگە تاپشۇراي، — دەپتۇ ۋە ئەتىسى قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مەھەللىسىدىن چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن قۇملۇق بىلەن ئورالغان بىر باغۇ ـ بوستانلىق ھويلىغا كىرىپ قاپتۇ. ھويلىدا ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغۇدەك، لەيلىخان دادىسىغا:

— بۇ گۈللەر ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، بىر تال ئۈزۈۋالايچۇ، — دەپتۇ. دادىسى:

— ئۇنداق قىلما، ئىگىسى چىقىپ قالسا رەنجىشىپ قالىمىز، — دەپتۇ. بىراق لەيلىخان دادىسىنىڭ گېپىگە كىرمەي گۈللەرنى ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. شۇئان قاتتىق بوران چىقىپ يەر ـ جاھان قاراڭغۇلىشىپ، لەيلىخان ئاسمان ـ پەلەك بىر توساقنىڭ ئىچىدە قامىلىپ قاپتۇ. دادىسى ھەرقانداق قىلىپمۇ توساقنىڭ ئىچىدىن قىزىنى قۇتۇلدۇرالماپتۇ. ئامالسىز قالغان دادىسى:

— خەير ـ خوش قىزىم، خۇداغا ئامانەت، گېپىمگە كىرمەي ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭغىمۇ قىلدىڭ ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دەپ ياش تۆكۈپ قايتىپ كېتىپتۇ.

دادىسى كەتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ كۆز ئالدىدا بىر يورۇقلۇق پەيدا بوپتۇ. قىز يورۇقلۇق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بىر ئايۋانغا چىقىپ قاپتۇ. ئايۋاندىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدە تاۋار يوتقان ـ كۆرپە، مامۇق ياستۇقلار تىزىپ قويۇلۇپتۇ. يوتقان ـ كۆرپىلەر ئۈستىدە ناھايىتى يوغان بىر مۇ-

شۇك ياتقۇدەك .

قىز ھەيران بولۇپ سۇپىغا يېقىنلاشقان ئىكەن ، مۈشۈك بىر كىرىلىپلا غايىب بوپتۇ . قىز تېخىمۇ ھەيران بولۇپتۇ ، قارىسا ئۇ يەردە بىر تىزىق ئاچقۇچ تۇرغۇدەك ، قىز ئاچقۇچنى سانىسا قىرىق بىر ئاچقۇچ ئىكەن . بۇ يەردە دەل قىرىق بىر ئۆي بار ئىكەن .

لەيلىخان : بۇ خۇدايىمنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى ئوخشايدۇ . بۇ ئۆيلەردە نېمە بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باقامدىم ، دەپتۇ ، ـ دە ، ئۆيلەرنى ئېچىپتۇ . قىرىق ئۆي پۈتۈنلەي ئالتۇن ـ كۈمۈش ، لەئىل ، ياقۇت ، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلار بىلەن تولغان ئىكەن . قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرسە قاتمۇ قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئۇخلاۋاتقۇدەك . قىز يىگىتكە بىر قاراپلا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ قاپتۇ . ئەمما ھەرقانداق قىلىپمۇ يىگىتنى ئويغۇتالماپتۇ . ئۇنىڭ قېشىدا چىرايلىق يۆگەلگەن بىر سەللە تۇرغۇدەك . قىز سەللىنى ئېلىپ مېھرى بىلەن كۆكسىگە تاڭغان ئىكەن ، سەللە شۇئان غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر پارچە خەت ۋە بىر تىزىق تەسۋى پەيدا بولۇپتۇ . خەتتە : «سەللىنى ئالغان كىشى تەسۋىنى سانىسۇن ، تەسۋىنىڭ ئۇرۇقى قانچە بولسا يىگىتنى شۇنچە كۈن يەلپۈسە يىگىت ئويغىنىدۇ . يىگىتنى ئويغاتقۇچى مۇران ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن . قىز تەسۋىنىڭ ئۇرۇقىنى سانىسا توپتوغرا قىرىق بىر چىقىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىز يىگىتنىڭ قېشىدىكى يەلپۈگۈچنى ئېلىپ يىگىتنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ . قىرىق كۈن بولغاندا قىز ئۆزىنىڭ ئۈستىۋاشلىرىغا قاراپ : كىيىملىرىم كىرلىشىپ قاسماقلىشىپ قاپتۇ ، يىگىتنىڭ ئويغىنىشىغا پەقەت بىر كۈن قالدى . ئۇ ، بۇ ئەپتىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىسۇن . يېنىمدا بىرەر ئادەمزات بولغان بولسا ، يىگىتنى يەلپۈپ تۇرسا ، يۇيۇنۇپ تارىنىۋالغان بولاتتىم ، دەپ ئويلاپ ھويلىغا چىقىپتۇ ۋە ھويلىدىكى تامغا يۆلەكلىك شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ . قارىسا ئايۋان كەينىدىكى دەرەخلىكتە ئۈچ بولاڭچى بىر ئايالنى بولاۋاتقانىكەن ، قىز بولاڭچىلارغا :

— بۇ ئايالنى قويۇپ بېرىڭلار ، سىلەرگە ئوتتۇز تىللا بېرەي ، — دەپتۇ . بۇ گەپ بولاڭچىلارغا يېقىپتۇ ـ دە ، ئايالنى دەرھال قىزغا تاپشۇرۇپتۇ . قىزمۇ ئوتتۇز تىللانى ئۇلارغا بېرىپ ، ئايالنى يىگىت ياتقان ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپ ، قولىغا يەلپۈگۈچنى تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە :

— بۇ يىگىتنى يەلپۈپ تۇرۇڭ ، مەن ھايالشمايلا چىقىمەن ، — دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىز باشقا ئۆيگە چىقىپ يۇيۇنۇپ ، چاچلىرىنى تاراۋېتىپ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ . ئۇ شۇ ئۇخلىغانچە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاپتۇ . قىرىق بىر كۈن بولغاندا يىگىت ئويغىنىپ ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرغان ئايالنى كۆرۈپتۇ ۋە «خۇدانىڭ ئىلتىپاتى شۇ ئوخشايدۇ» دەپ بۇ ئايال بىلەن بىر تەكىيگە باش قويۇپ ئەر ـ خوتۇن بوپتۇ . لەيلىخان بولسا ئۇلارنىڭ دېدەكى بولۇپ قاپتۇ . ھېلىقى ئايال لەيلىخاننى ئۇرۇپ ـ تىللاپ خورلايدىكەن . لەيلىخان : «بۇمۇ مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ» دەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغان بولۇپ ئۇ ئايالىغا :

— مەن شەھەرگە كىرىمەن ، ساڭا

— نېمە لازىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايالى:

— ماڭا قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك، ۋە زىبۇ - زىننەت لازىم، — دەپتۇ. ئاندىن يىگىت لەيلىخاندىن:

— ساڭا نېمە ئالغاچ چىقاي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا ئۇن سىنتىلىق ئەينەكتىن بىرنى ئالغاچ چىقسىلا، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئايال لەيلىخاننى مەسخىرە قىلىپ:

— دېدەككە ئەينەك لازىم بوپتۇ. ئالغاچ چىقىڭلار، — دەپ كۈلۈپتۇ. يىگىت شەھەردىن ئايالى دېگەن نەرسىلەرنى ئاپتۇ، بىراق قىز دېگەن ئەينەكنى تاپالماپتۇ. لېكىن يىگىت ئۈمىدىنى ئۈزمەي داۋاملىق ئىزدەپ بىر دۇكانغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ دۇكان ئىگىسىدىن!

— ئۇن سىنتىلىق ئەينەك بارمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، دۇكان ئىگىسى

— بار، بۇ ئەينەك «دەردى ئەسرار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى سېتىۋالغۇچىنىڭ دەردى - پىراقى ئۇنىڭدا ئايان بولىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت دېدەك قىزنىڭ بۇنداق نەرسىنى «ئالغاچ كېلىڭ» دەپ ھاۋالە قىلغىنىغا ھەيران بولغان ھالدا ئەينەكنى سېتىۋاپتۇ.

يىگىت شەھەردىن قايتىپ سېتىۋالغان كىيىم - كېچەك ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنى ئايالىغا بېرىپتۇ. ئۇن سىنتىلىق ئەينەكنى بولسا لەيلىخانغا بېرىپتۇ. لەيلىخان ئەينەكنى ئېلىپ قارىغان ئىكەن، ئەينەك بىردىنلا يوغىناپ بىر ئەينەك تامغا ئايلىنىپتۇ - دە، ئۇنىڭدا لەيلىخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەينەن كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت لەيلىخاننىڭ كىملىكىنى، قانداق قىلىپ ئۆزىگە يولۇقۇپ قالغانلىقى ۋە ھېلىقى ئايالنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئايالى بولۇپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ ئېنىق كۆرۈپتۇ. يىگىت ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ساختىپەز، يۈزسىز خوتۇنىنى، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل لەيلىخاندىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. كېيىن لەيلىخان دادىسىنى تېپىپ كېلىپ ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار جەم بولۇپ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈزى: **يۈسۈپ ئەيسا**
(چەرچەن ناھىيە ئارال يېزا دېھقان)
توپلاپ رەتلىگۈچى: **تۇرسۇن بەكرى**
مۇھەررىرى: **ئەسقەر مەخسۇن**



مېھنەتكەش ئانا

يەن شەن فوتوسى



سەھرادىكى ئۆست... ياش...

يەن شەن فوتو...



يەن شەن فولوسى

ISSN 1004-3829
12 >
9 771004 382003

# مىراس

[illegible] 6 ـ سان (ئومۇمىي 56 ـ سان)

**Heritaga Uighur Folk Leterature**

美拉斯（维吾尔文）

[illegible] خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى
[illegible] 508 ـ ئۆي. تېلېفون: 2878485. پوچتا نومۇرى 830001.
[illegible] 14 ـ [illegible] باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن
[illegible] پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى توپلاپ قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65－1094 خەلقئارالىق نومۇرى ISSN1004－3829 ۋەكالەت نومۇرى: 60 58، باھاسى: 3.00 يۈەن.
编辑：《美拉斯》编辑部　出版：新疆维吾尔自治区民间文艺家协会（乌市胜利路 59 号 507、518 房间）
电话：2878485　印刷：乌市十四中印刷厂　发行：乌鲁木齐市邮局　订阅：全国各地邮局　国内统一刊号 CN65－1094/I　国外统一刊号：ISSN1004－3829　邮编：830001　刊号　58－60　定价：3.00